مۇھەممەد يۇسۇپ

# ئىسلام ئەقىدىلىرى

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرىياتى

بۇ ئەسىرىمنى مېنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىمگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ماڭا ئىلھام بېرىپ، مەن بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كېلىۋاتقان، مېنى كۈتۈش ۋە پەرزەنتلىرىمنى قاتارغا قوشۇش يولىدا چېچىنى سۈپۈرگە قىلىۋاتقان، ھايات شېرىكىم، ۋاپادار ئايالىم زەيتۇنەم ئابدۇلئەھەدكە بېغىشلايمەن.

ـ مۇئەللىپتىن

# ئاپتور ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ 1968- يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا قارىيلىققا كىرىشكەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. 1984 - يىلى ناھىيەلىك چوڭ جامەدە تۇنجى خەتمىنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىغان.

1984- ۋە 1985-يىللار ئارىسىدا يوشۇرۇن مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلاپ، دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 6- ئايدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە شۇ يىلى ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن.

1986-يىلى9-ئايدا مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسابىقە ئارقىلىق تۆتىنچى يىللىققا ئاتلىغان. شۇنداق قىلىپ 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرگەن.

1989 - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993- يىلى تاماملىغان.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1995 - يىلىنىڭ بېشىغىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى «ئۈسكۈدار رايونلۇق قۇرئان يادلاش مەدرىسەسى»دە ئەرەب تىلى ۋە قىرائەتتىن دەرس بەرگەن.

1995 – يىلىدىن 2001 - يىلغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا

شەھىرىدىكى«قازاق-تۈرك ئىنستىتوتى»دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە « يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

2001 ـ يىلىدىن بىرى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ پىكىر ـ قارىشى**

مۇھەممەد يۇسۇپ دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۇسۇپ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغاننىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان ھەمدە ھەر قايسى تور بەتلىرىدە 100 پارچىدىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى:**

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» بىرىنچى نەشرى 1996ــ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2002ــ يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010ـ يىلى بەيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2014ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

2.« ئىسلام ئەقىدىلىرى» بىرىنچى نەشرى 1997ــ يىلى

(ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 1998ـ يىلى قەشقەردە، ئۈچىنچى نەشرى 2003ـ يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2004ـ يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2005ـيىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2006ـيىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتىدا، يەتتىنچى، سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى نەشلىرى2008ـ 2009ـ ۋە 2010ـ يىللىرى ئالمۇتىدا ئارقا-ئارقىدىن (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) نەشر قىلىنغان.

3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدەـ تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998ـ يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007ـيىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008ـيىلى، تۆتىنچى نەشرى 2012ـيىلى بەيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2014ـيىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» بىرىنچى نەشرى 1998ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006ـيىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2008ـيىلى، تۆتىنچى نەشرى 2009ـيىلى، بەشىنچى نەشرى 2010ـيىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2013ـ يىلى(رۇس تىلىدا) ئالمۇتىدا بېسىلغان.

5.«روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» بىرىنچى نەشرى 1999ـ يىلى ئەرەب ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدا ئالمۇتىدا، 2004ـيىلى ئىككىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

6.« دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» ( يېڭى ھايات ۋە ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، بىرىنچى نەشرى 1999ـيىلى، ئىككىنچى نەشرى 2005ـيىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

7.« زاكات كىتابى» بىرىنچى نەشرى 2003ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» بىرىنچى نەشرى 2004ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9. «ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006ـيىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010ـيىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012ـيىلى بەيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2014ـيىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

10. « غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

11. « ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» بىرىنچى نەشرى 2005 ـ يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2007ـ يىلى رىياد، ئۈچىنچى نەشرى 2009ـيىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011ـيىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

12. « ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009ـيىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2010ـ يىلى (سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئۈچىنچى نەشرى 2013ـيىلى بەيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2014ـ يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009ـيىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009ـيىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان.

قىسـقارتىلغان ئىككىنچـى ۋە ئـۈچىنچى نەشـرلىرى 2012-يىلـى بەيرۇتتـا ۋە ئىسـتانبۇلدا، تـۆتىنچى نەشـرى 2013-يىلـى (ئۇيغـۇر سـىلاۋيان يېزىقـىدا) ئالمۇتىـدا، بەشـىنچى نەشـرى2013-يىلـى مەككـىدە، ئـالتىنچى نەشـرى 2014-يىلـى مەككـىدە نەشـر قىلىنغان.

15. « دىـن ۋە ھايـات (1600سـوئالغا جـاۋاب)» 2009-يىلـى بەيرۇتتـا نەشـر قىلىنغـان. كېيىـنچە تولۇقلىنىـپ، «دىـن ۋە ھايـات(2000سوئالغا جاۋاب)» دېگەن ئىسـىم بىـلەن ئىككىنچـى نەشـرى 2010-يىلـى، ئـۈچىنچى نەشـرى 2011-يىلـى بەيرۇتتـا، ئـۈچىنچى نەشـرىنىڭ ئۇيغـۇر سـىلاۋيان يېزىقـىدىكى نۇسخىسـى2013-يىلـى ئالمۇتىـدا، تـۆتىنچى نەشـرى 2013-يىلـى بەيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان.

16. «ئىسـلام ئەخلاقـى»بىرىنچـى نەشـرى 2010-يىلـى بەيرۇتتـا، ئىككىنچـى نەشـرى2014-يىلـى قـاھىرەدە نەشـر قىلىنغان.

17. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىـڭ ھـاراملىقى ھەققـىدە ئوچـۇق سۆز» بىرىنچى نەشرى2012-يىلى بەيرۇتتـا، ئىككىنچى نەشـرى 2014-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

18. « پەرزەنتلىرىمىزنـى قانـداق تەربىيەلەيمـىز؟» بىرىنچـى نەشـرى 2013-يىلـى بەيرۇتتـا، ئىككىنچـى نەشـرى 2014-يىلـى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

19. « مانا بۇ ئىسلام » بىرىنچى نەشرى 2014-يىلـى قـاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

**نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەسەرلىرى:**

1.«قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».

2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).

3.«يۈرەك سىرى»(شېئىرلار توپلىمى).

5.«قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىز».

6.« پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى!»(ماقالىلەر توپلىمى).

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى:**

1.«التفسير الواضح»( روشەن تەپسىر) ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد ھىجازى.

2. «أيسر التفاسير» (ئوڭاي تەپسىر) ئاپتورى: ئەبۇ بەكرى جابىر ئەلجەزائىرى.

3.«الأديان في القرآن»(قۇرئاندىكى دىنلار) ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد شەرىف.

4.«مختصر كتاب إظهار الحق»(ھەقىقەتنىڭ ئېلانى) ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.

5.«كتاب التوحيد»(تەۋھىد كىتابى). ئاپتورى: سالىھ ئىبنى فوزان ئەلفوزان.

6.«العقيدة الصحيحة» (توغرا ئەقىدە) ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز.

7. «شرح أصول الإيمان»( ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى) ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇسەيمىن.

8.« منهج اهل السنة والجماعة»(ئەھلى سۈننىلەرنىڭ يولى) ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

9.«النصرانية في الأصل والواقع»(خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى) ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا سەھىم.

10. «صفة صلاة النبي»(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى) ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.

11. «الوسائل المفيدة للحياة الطيبة» (بەختلىك ھاياتنىڭ رىتسىپلىرى) ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.

12. «الدروس المهمة لعامة الأمة»(مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار). ئاپتورى: ئىبنى باز.

13. «33سببا للخشوع في الصلاة»(نامازدا خۇشۇنىڭ33 سەۋەبى). ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد.

ــ نەشرىياتتىن

# بىرىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

**بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ**

بارچە ھەمدۇسانا ئىنسانلارغا ئۇلۇغ دىنىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە چاقىرغان، ئىمان ئېتىقادلارنى ئۆزىنىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا نائىل قىلغان، ئالەملەرنىڭ رەببى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمە. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلارغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ھايات — ئىمان ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىنسان، ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبى، قەلبتىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. ئىمان بىلەن بېزەلگەن قەلب گۈلىستانغا، ئىماندىن خالىي قالغان قەلب خارابىگە ئوخشايدۇ. ئىماننىڭ ئېپتىداسى ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى ۋە ئۇنىڭ كېرەكلىك شەرتلىرىنى تولۇقلىماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى، قۇرئان ۋە

سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلىپ، ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئىمان كامىل، ئېتىقاد توغرا بولماستىن قىلىنغان ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىكاردۇر. ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلغان ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىمۇ پايدىسىزدۇر. چۈنكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق سىستېمىسى بولغىنىدەك، ئىخلاس ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن سىستېمىسى توغرا ئېتىقادتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام « ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىقادى توغرا بولمايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىھاجەت (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ) »دېگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە قۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن توغرا ئېتىقادلارنى ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئالاھىدە بۇرچىدۇر.

ئانا ۋەتەندىكى دوستلىرىمنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى سوراپ كېلىۋاتقان سوئاللىرى ئاساسەن ئېتىقاد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا مۇۋاپىق بولغان، بىرەر ئەقىدە كىتابى يېزىپ چىقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. مانا بۈگۈن ئاللاھ مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرغان ئۇخشايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ ۋاقىت ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، بۈگۈن بۇ كىتابنى يېزىشنى باشلاۋاتىمەن. بەلكى بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنىڭ

دىنىمىزدىكى توغرا ئېتىقادلارغا ئىگە بولۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ زور ئېھتىياجلاردىن بىرى بولسا كېرەك.

«ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتاب بىر مۇقەددىمە ۋە ئالتە بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىماننىڭ ئاساسى پىرىنسىپى بولغان ئالتە ئىماننىڭ ھەربىرىنى بىردىن بابقا ئايرىپ چۈشەندۈردۈم:

بىرىنچى باب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئىككىنچى باب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئۈچىنچى باب: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

تۆتىنچى باب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

بەشىنچى باب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئالتىنچى باب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان مەنبەلەردىن پايدىلاندىم ھەمدە ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن سوئال ۋە جاۋابلىق قىلدىم. بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە بىرەر نۇسخىدىن ساقلىنىشى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە يادقا ئالدۇرۇپ ئوقۇتۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ كىتابنى سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يوقلىقىدىن بەزى خاتالىقلار ۋە تۈرلۈك سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن. بۇ كىتابنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشىنى ۋە بۇ كىتابنى

ئوقۇغـــان مۇســـۇلمان قېرىنداشـــلارغا مەنپەئەتلـــك بولۇشـــنى جانابى ئاللاھ تائالادىن تىلەيمەن.

ياخشىلىقتىن ھېچ ئىزىم يوق، ئۆمرۈم ئۆتتى ۋەيران بوُپ،
ئوقۇغاندىن نەپ بېرەلمەي، چۆللەر ئارا سەرسان بوُپ.
بۇ سەۋەبتىن ھەسرىتىم كۆپ، يۈرىكىمدە دەرد ـ ئەلەم،
بىلگىنىمنى يەتكۈزەي دەپ، قولغا ئالدىم مەن قەلەم.
نىسىب بولدۇم بۇ شەرەپكە، ئۆزۈم ئاسىي ـ گۇناھكار.
رەھمىتىدىن ئىلاھىمنىڭ، دىلدا ئۆچمەس ئۈمىد بار،
(تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر تاپالمىغان بىرۋاش پىياز)،
تەڭ دېمەيمەن شۇ پىيازغا، تاپقانلىرىم بەكمۇ ئاز.
شۇنداقتىمۇ ھىممەت قىلدىم، تۆھپە دېسەم ئەرزىمەس.
خەلقىم ئۈچۈن تەر تۆكەلسەم، شۇ كۇپايە بولدى ـ بەس.

ـــ مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن
1995 ـ يىل 27 ـ يانۋار، ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# ئۈنىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

**بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ**

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن يۈرەكتىن مەدھىيىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قولىڭىزدىكى «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ 1995 يىلى ئىستانبۇلدا يېزىلغان تۇنجى نۇسخىسى 1997ـ يىلىدىن باشلاپ ئىستانبۇل، قەشقەر، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئارىدىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بۇ كىتاب 9 قېتىم نەشر قىلىنىپ بولۇپتۇ. خېلى ۋاقىتتىن بىرى كاللامدا كىتابقا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بەزى ماۋزۇلار ساقلىنىپ كەلدى.

ئەمما ۋاقىتنىڭ تارلىقى سەۋەبلىك بۇگۈنگىچە كېچىكتۈرۈپ كەلدىم. مانا ئەمدى بۈگۈن بۇ كىتابنى قايتا نەشرگە تەييارلاشقا بەل باغلاپ قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا، كىتابقا مۇناسىۋەتلىك خېلى مۇھىم ئىشلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دېمەكچىكى، كىتابىمنىڭ قولىڭىزدىكى بۇ نۇسخىسى كېڭەيتىلگەن ۋە قايتا مۇقىملاشتۇرۇلغان نۇسخىسى بولۇپ، زۆرۈر دەپ قارالغان بىر

قانچە يېڭى ماۋزۇ قوشۇلدى، ئىلگىرى بار بولغان ماۋزۇلاردىن بەزىسى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈلدى، تولۇقلاندى، كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ئەرەبچە تېكىستلىرى تولۇق بېرىلدى.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئەمگىكىمنى مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

ــــ مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ھىجرىيە1435-يىلى 25- رەبىئۇل ئاخىر.

مىلادىيە2014-يىلى25-فېۋرال.

# مۇندەرىجە

**ئاپتور ھەققىدە ........................................... 3**

**بىرىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز ........................11**

**ئىككىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز.......................15**

**مۇندەرىجە ................................................17**

**مۇقەددىمە..................................................25**

ئىنسان ۋە دىن ............................................. 25
دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر ............................... 28
ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بىردۇر ............................... 31
ئىسلام دىنى .................................................. 35
ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئىتى ....................... 39
ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل دىندۇر ........................... 42
باشقا دىندىكىلەردىن ئىسلام دىنى ھەققىدە ئېتىقانلىرى .... 43
ئىمان ۋە ئىسلام............................................... 47
ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى ................................ 48
ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى............................ 50
ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى....... 51
كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى...................... 53
ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمايدۇ ...... 56
ئىماننىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشى ................................ 58
ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار ............................... 59
ئىماننىڭ ئالامەتلىرى ......................................... 60
ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى..................... 62

ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار.................. 66

**بىرىنچى باب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش.......69**

ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى................................. 69
ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ............. 71
ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر........................ 72
باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئېتىقانلىرى ..... 78
ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان.................................. 80
ئىنسانىنىڭ ۋەزىپىسى ........................................ 83
ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى.......................... 86
ئەقىلنىڭ رولى ................................................ 86
ئەقىل ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ قورالى...................... 89
ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ يولى ............. 93
ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن تونۇغىلى بولىدۇ....... 98
ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرى........................101
ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .104
ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...............108
ئىبادەتنىڭ دائىرىسى .........................................108
ئىبادەت قىلىش يوللىرى.......................................110
ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىرى .....................114
ئىبادەت قىلىش پىرىنسىپى ...................................116
ئېتىقاد قەلبىنىڭ، ئەمەل بەدەنىنىڭ ئىشى ..................119
تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ...................................122
شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ...................................125
چوڭ شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ...........................125
دەم سېلىش ۋە تۇمار ئېسىش مەسىلىسى .....................135
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ساۋابى.......................140

كۇفرى، جاھىلىيەت، فىسق، زالالەت، نىفاق ۋە مۇرتەدلىك ...142
كۇفرىنىڭ تۈرلىرى .........................142
ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى .................142
ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ..............................146
ئېتىقادتىكى نىفاق..........................................152
ئەمەلدىكى نىفاق ....................................154
بىدئەت ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى ..............................159
ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى .164
بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى ............167
ۋەسىلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر ..............................171
بۇيرۇلغان ۋەسىلە..........................................171
مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە.........................................175
دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە ......................175
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىش ................176
ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ۋاستىغا موھتاج ئەمەس ........177
ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىككى ئىبادەت..178
جىھاد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى....................................181
جىھادنىڭ پەرز ئەينگە ئۆزگىرىشى .......................182
جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى.................................183
ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى..........................183
«جىھاد» سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى ............185
تەۋبە ئىستىغپار.....................................................187
تەۋبە ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى ..................188
ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ھەق ......190

**ئىككىنچى باب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.. 193**

پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە..................193

پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ........................194
پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى .........................197
مۆجىزە.................................................197
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۈز ئىچىگە ئالغان ئىشلار199
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.............................202
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ...............203
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى...................204
قۇرئان  كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر .207
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى 207
قەدىمكى كىتابلارنىڭ بېشارەتلىرى.........................214
تەۋراتنىڭ بېشارەتلىرى....................................214
ئىنجىلنىڭ بېشارەتلىرى....................................223
تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن باشقا دىنىي كىتابلاردىكى بېشارەتلەر
231.....................................................
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىشى .233
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ...............237
ئۆز ۋاقتىدىكى ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئېتىراپلىرىدىن بىر قانچە
مىسال .............................................242
ھازىرقى زامان ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
ھەققىدە ئېيتقانلىرى .................................250
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى پەيغەمبەرلەردىن پەرقى
253.....................................................
ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى .........................262
سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.............................270
قۇرئان سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە.272
ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

276.........................................
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش.................276

**ئۈچىنچى باب: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش..... 279**

روھىي ئالەملەر.............................................279
غەيب ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...............280
پەرىشتىلەر .................................................282
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
ھەقىقەتلەر ................................................283
پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى..................285
جىنلار ۋە شەيتانلار .......................................287
شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى.........................289

**تۆتىنچى باب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش.......................................... 296**

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى.................................296
سوئال: ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن كىتابلاردا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟
297.........................................
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە
ئالىدىغان ھەقىقەتلەر .......................................300
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى .301
تەۋرات ۋە ئىنجىل ..........................................302
قۇرئان كەرىم...............................................308
قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى ......................311
قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن
ئارتۇقچىلىقى ...............................................313
قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىلىرى .....................319

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى ........................325
بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى ............................325
ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيەلىك دەلىللەر...........................335
ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر ..............................340
تۆتىنچى : ئاسترونومىيەلىك دەلىللەر ..........................342
بەشىنچى: تېببىي دەلىللەر ...................................350
ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر ...............................353
باللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى ...........................................353
ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى ......................................356
ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلار ...................................358
قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبتىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى ...363
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ
سەۋەبى ...............................................................366
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئېل ئېلان قىلىدۇ....368
قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى مۆجىزىلەردىن پەرقى ........372
قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ساقلىماقتا .....................374
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزىدۇر .......375
باشقا دىندىكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى ..382

## بەشىنچى باب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ... 386

قازا ۋە قەدەر...........................................................386
قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى .........................................387
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
ھەقىقەتلەر ..........................................................390
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى
393...........................................................
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى.............397

ھىدايەت ۋە زالالەت ئاللاھ تائالادىندۇر .......................401
ھىدايەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ..............................402
تەۋەككۇل ۋە ئۇنىڭ شەرتى ...............................407
قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب ............408
ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار.................411

## ئالتىنچى باب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش .. 413

ئىسلام نەزىرىدە بۇ دۇنيانىڭ ئورنى ........................413
قىيامەت كۈنى ............................................420
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ
ئىككى ھەقىقەت...........................................422
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى...........423
قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ...............424
قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ............................429
قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى...................433
بەرزەخ ئالىمى............................................435
قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى ...............................436
قەبرىدىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ........437
ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى نەدە؟...............................441
قىيامەتنىڭ باشلىنىشى ...................................443
قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار.........................444
ئىنساننىڭ تەركىبى .......................................445
جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى....454
پايدىلانغان مەنبەلەر......................................458

# مۇقەددىمە

## ئىنسان ۋە دىن

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ئەقىدىسى تەڭلا يارىتىلغان. ئىنسانىيەت ئەقلى تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش يولىدا ئۆرلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا باشلايدىغان ئىلاھىي دەۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاكامۇللىشىش يولىغا كىرىپ كەلدى. ئىنسانلار بىر زامانلار، ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇفرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزدى. ﴿**ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلْأِسْلَامَ دِيناً**﴾ يەنى ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلىدىم. ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ [1].

### ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى

«ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

---

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ يەر يۈزىدە بىر قانچە ئون يىل ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، يەنە ياراتقۇچىسىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرىدىغان بىر ئىنساننىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ مۇناسىۋەت جاھالەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەكمۇ ياكى مەرىپەت ئۈستىگىمۇ؟ ئاسىيلىق ئۈستىگىمۇ ياكى ئىتائەتچانلىق ئۈستىگىمۇ؟

تەبىئىيكى، ئىنساننىڭ بۇ مەرھەمەتلىك، كاتتا ياراتقۇچىسىنى تونۇشى، ھاياتىنى ئۇنىڭ خاھىشىغا باغلىشى ۋە ئۇنىڭ سىزىپ بەرگەن يولى بىلەن مېڭىشى ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. مانا بۇ ئىسلامدۇر. مانا بۇ، جىمى پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى دەۋەت قىلىپ كەلگەن ھەق دىنىنىڭ ئۆزىدۇر.»[1]

ئىنسان مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگىنىدا، ئۇ جىمى كائىناتقا ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى جانلىق، جانسىز بارلىق مەۋجۇدات ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ **أَفَغَيْرَ دِينِ اللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ** ﴾ يەنى﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە يەردىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ

---

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب)ناملىق ئەسىرى5-بەت.

دىنــدىن باشــقا دىننــى تىلەمــدۇ؟ هــالبۇكى، هەمــمە ئۇنــىڭ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ. ﴾ [1] يەنـى كائىنـات ۋە ئۇنىڭـدىكى جىمـى مەۋجـۇداتلار ئىختىيـارىي ۋە ئىختىيارسـىز رەۋىشـتە ئـاللاھ تائالاغـا چوقــۇم بويســۇنىدۇ، ئۇنــىڭ خاھىشــى ۋە ئىرادىســى بــويىچە هەرىـكەت قىلىـدۇ. كائىناتنىـڭ نىزامىـمۇ ئـاللاھ تائـالا بېكىـتكەن قـانۇن بىـلەن داۋام قىلىـدۇ. مەسـىلەن: يەرشـارىنىڭ ئـۆز ئوقـىدا ئايلىنىشقا داۋام قىلىـش بىـلەن بىـر ۋاقىتتـا قۇياشـنىڭ ئەتراپىنـى ئايلىنىشـى ئـاللاھ تائـالا بېكىـتكەن قـانۇنىيەت بىـلەن ئەمەلـگە ئاشــىدۇ. كــېچە بىــلەن كۈنــدۈزنىڭ ۋە پەســىللەرنىڭ ئالمىشــىپ تۇرۇشىمۇ ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەت بىلەن بولىدۇ.

ئــاللاھ تائالاغــا ئىشــەنمەيدىغان ۋە ئــۇنى تونۇمايــدىغان ئىنســانلارمۇ ئــاللاھ تائالانــىڭ خاھىشــىغا ۋە ئىرادىســىگە ئىختىيارسـىز هالـدا بويسـۇنىدۇ. مەسـىلەن: ئۇلارنـىڭ كېسـەلگە گىرىپتــار بولۇشــى، بــالا ـ قازاغــا ئۇچرىشــى ۋە ئۆلۈشــى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ئـاللاھ تائالانـىڭ ئىرادىسـى ۋە خاھىشـى بىلەن بولىدۇ. دېمەك، هەمـمە ئىختىيـارىي ۋە ئىختىيارسـىز هالـدا چوقــۇم ئــاللاھ تائالاغــا بويســۇنىدۇ. بۇنىڭــدىن مەلــۇمكى، ئىنسـانىنىڭ ئـاللاھ تائالانـىڭ دىنىنـى قوبـۇل قىلغـانلىقى ئۇنـىڭ ئىختىيـارىي هالـدا ئـاللاھ تائالاغـا بويسـۇنغانلىقى ۋە ئىشـلىرىنىڭ ئـاقىۋىتىنى ئۇنـىڭ خاھىشـىغا تاپشـۇرغانلىقىدۇر. ئـاللاھ تائـالا بەندىلىرىدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەممـا ئـاللاھ تائالانـىڭ دىنىنـى قوبـۇل قىلمىغـان ئىنسـانلار ئىختىيارىي هالـدا ئـاللاھ تائالاغـا بويسـۇنمىغان بولسـىمۇ، ئۇنىڭغـا ئىختىيارســىز هالــدا چوقــۇم بويســۇنىدۇ ۋە ئۇنــىڭ ئىرادىســىدىن

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

چەتــــنەپ كېتەلمەيـــدۇ. لـــېكىن ئـــاللاھ تائالاغـــا ئىختىيـــارىي بويىســـۇنۇش بىـــلەن ئىختىيارســـىز بويىســـۇنۇش ئوتتۇرىســـىدا ۋە نەتىـــجە جەھەتـــتە ئاســـمان ـ زېمـــىن پەرقـــى بـــار. ئالدىنقىســـى ئىتائەتمەنلىك بولۇپ، ئۇنىـــڭ ئـاقىۋىتى جەننەتتـۇر، كېيىنكىســـى ئاسىيلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختۇر.

## ئىنسان ديانەتلىك مەخلۇقاتتۇر

ئىنســان ئــۆز تەبىئىتــىدە مەدەنىــي مەخلۇقــات بولغىنىــدەك، ئــۇ تۇغۇلۇشىدىن ديانەتلىك مەخلۇقاتتۇر.

ئـــاللاھ تائالانىـــڭ يارىتىشىغـــا ئىشـــىنىش ئەقىدىســـى ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئۇلار بىلەن بىـرگە ھەمـراھ بولـۇپ كەلدى. ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيـدۇ: ﴿**فَـــأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَـــرَ ٱلنَّـــاسَ عَلَيْهَـــا**﴾ يەنـى﴿ يـــۈزۈڭنى ھەق دىنغـــا ـ ئاللاھنىـــڭ دىنىغـــا قـــاراتقىنكى، ئـــۇ ئىنســـانلارنى ئاشـــۇ دىـــن بىـــلەن ياراتقـــان ﴾[1]. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېــگەن: « ھەرقانــداق كىشــى ئاللاھنىــڭ دىنــى بىـــلەن تۇغۇلـــدۇ»[2]. مەرھـــوم ئۇســـتاز ئاققـــاد مۇنـــداق دېــگەن:«ئاشــقازاننىڭ تائامغــا ئېھتىيــاجى بولغىنىــدەك، ئىنســان تەبىئىتىنىڭمۇ ئېتىقادقا ئېھتىياجى باردۇر.

## دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر

ئىنســانلار ئۆزلىرىنىــڭ كىشــىلىك ۋە ئىجتىمــائىي تۇرمۇشــىنى بىــخەتەر ئۆتكۈزۈشــى ئۈچــۈن، ئــۆزلىرىگە رەھبەرلىــك قىلىــدىغان

(1) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.

بىــرەر تــوغرا دىنغــا ئىنتــايىن موھتاجــدۇر. چــۈنكى يەر يۈزىــدە قانۇنغــا ھــۆرمەت قىلىــش، جەمئىــيەت ئامــانلىقىنى ســاقلاش ۋە ئىنســانلارنىڭ خــاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشــتە دىنىنىــڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىرەر كۈچ يوقتۇر.

بۇنىڭــدىكى ســىر شــۇكى: ئىنســان كائىنــاتتىكى پۈتــۈن مەخلۇقــاتلاردىن ئالاھىــدە پەرقلىــق يارىتىلغــان ئۇلــۇغ بىــر مەۋجــۇدات بولــۇش ســۈپىتى بىــلەن، ئۇنىــڭ ھەرىكەتلىــرى ۋە ئىختىيــارى ھەرىكەتلىــرى، كــۆز بىــلەن كــۆرگىلى، قــۇلاق بىــلەن ئــاڭلىغىلى ۋە قــول بىــلەن تــۇتقىلى بولمايــدىغان بىــر نەرسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىــدۇ. ئــۇ بولســىمۇ، ئىنساندىكى ئىنساني روھتۇر! ئۇ، ۋىجدان ۋە ئەقىدە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنســانلار تاشــقى دۇنياســىدىن ئەمەس، بەلكــى ئىچكــى دۇنياســىدىن ـ ۋىجدانىــدىن ـ باشقۇرۇلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىــدىغان، ھەقسىزلىققا يــول قويمايــدىغان، ئادالەتلىــك ۋە مەدەنىيەتلىــك بىــر جەمئىيەتنــى بەرپــا قىلىشــتا، دۆلەت قــانۇنلىرى ۋە ھۆكــۈمەت دائىرىلىــرى يېتەرلىــك ئەمەس. چــۈنكى جــازادىن، تۈرمىــدىن ۋە جەرىمانىــدىن قورقــۇپ ۋەزىــپە ئۆتەيــدىغانلار ۋە قورقــۇپ تــۇرۇپ، ھەق ـ ھوقۇقلارغــا ھــۆرمەت قىلىــدىغانلار، قانۇننىــڭ ئارغامچىســىدىن قۇتۇلــۇش ئۈچــۈن چىقىــش يــولى تاپقۇچىلىــك شــۇنداق قىلىــدۇ. ئــۇلار قانۇننىــڭ كونترولىــدىن چىققــان ھامــان، ئۆزلىرىنىــڭ بىلگىنىنــى قىلىــدۇ. ئەمما ئــاللاھ تائــالادىن ئەيمىنىــپ، ئۇنىــڭ غەزىــپىگە يولۇقۇشــتىن قورققان ۋە ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغــا قــۇلاق سالغان ھالــدا، ھەق ـ ھوقــۇقلارنى قوغدايــدىغانلار ۋە ھايــاتلىقتىكى ئــۆز ۋەزىپىلىرىنــى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تولۇق ئــادا قىلىــدىغانلار، مەيلى ئاشكارا، مەيلــى يوشــۇرۇن بولســۇن، ئۆزلىرىنىــڭ ھــېچ ۋاقىــت ئــاللاھ

تائالانىڭ كونترولىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىمانى بولغاچقا، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. دە، ھەر ئىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي بۇرچلىرىنى ئادا قىلىشنى ئاۋۋالقى ئورۇندا قويىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، دىنىي تەربىيە بىلەن ئەخلاقنى كۈچەيتمەستىن، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا جەمئىيەتتە ئامانلىق، تۇرمۇشتا باياشات ۋە خاتىرجەملىك يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ ئويلاش ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى، ئىلىم - پەن ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ قىلغىلى بولغىنىدەك، بۇزۇۋەتكىلىمۇ بولىدۇ. خۇددى ئىلىم - پەن سايىسىدا، دۇنيانى بىر ئاندا ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياسىغىلى بولغىنىدەك، تۇرمۇشتا كىشىلەرگە ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان پەن - تېخنىكىلارنى، قاتناش قورالىرىنى ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى ياراتقىلىمۇ بولىدۇ. زامانىمىز پەن تېخنىكىسى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىلىم - پەننى ئۆز يولىدا - ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى يولىدا - قوللىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن بىرەر كۆزەتچىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئەقىدە ۋە ئىماندۇر. شۇڭا، «ئەخلاق بىلەن دىيانەتكە بۆلۈنمىگەن ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەر لىك، خۇددى يىقىلغىلى ئاز قالغان بىناغا ئوخشايدۇ» دەپ توغرا ئېيتىلغان. دېمەك: دىيانەتنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى خۇددى يۈرەكنىڭ بەدەندىكى رولىغا ئوخشاشتۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بىردۇر

دىيانەتنىڭ ئاساسى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن بىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئەقىدە، ئەقىدىنىڭ نېگىزى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىشتۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنىپ كەلگەن دىن ـ ئىسلام دىنىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى، ئوخشاشمىغان ئانىلارنىڭ بالىلىرىمىز، دىنىمىز بىر، شەرىئەتلىرىمىز پەرقلىقتۇر». ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن تا قىيامەتكىچە بىردۇر. ئۇ « ئىسلام » دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن «مۇسۇلمان» (يەنى بويسۇنغۇچى) دەپ ئاتاپ كەلگەن. ﴿**هُوَ سَمَّاكُمُ ٱلْمُسْلِمِينَ مِن قَبْلُ وَفِي هَـٰذَا**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى ۋە بۇ قۇرئان كەرىمدىمۇ شۇنداق ئاتىدى﴾[1] بۇنىڭدىن ئوچۇقلانىدىكى: «ئىسلام» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغىلا؛ «مۇسۇلمان» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغىلا خاس بولماستىن، بەلكى «ئىسلام » ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەرقانداق دىنغا، «مۇسۇلمان» ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە قويۇلغان ئورتاق ئىسىمدۇر.

---

(1) ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئىسـتېمالى بـويىچە: «مۇسـۇلمان» سـۆزى ئەزەلـدىن تـا قىيـامەتكىچە ئـالللاھ تائالانىـڭ بىـرلىكىگە ۋە ئـالللاھ تائـــالا تەرىپىـــدىن ئەۋەتىلـــگەن پەيغەمـــبەرلەرگە ئىمـــان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قويۇلغان ئورتاق ئىسمدۇر.

ئـــالللاھ تائـــالا تەرىپىـــدىن كەلـــگەن ھەر قانـــداق بىـــر پەيغەمبەرنىـڭ دەۋىتىنىـڭ ئاساسـي نۇقتىسـى ئـالللاھ تائالانىـڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى ئىـدى. ﴿**وَمَآ أَرْسَـــلْنَا مِـــن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلاَّ نُوحِيٓ إِلَيْهِ أَنَّهُ لآ إِلَـــٰهَ إِلاَّ أَنَاْ فَٱعْبُدُونِ**﴾ يەنـى ﴿ســەندىن ئىلگــىرى ئەۋەتــكەن ھەربىــر پەيغەمــبەرگە پەقەت «مەنــدىن باشـقا ئىـلاھ يـوق، مـاڭىلا قۇلچىلىـق قىلىڭـلار» دەپ ۋەھيـــى قىلـــدۇق﴾. مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـسالامدىن بـــۇرۇن ئەۋەتىلـــگەن پەيغەمــبەرلەر ۋە ئۇلارنىــڭ دىنىغــا ئەگەشــكەنلەر «مۇســۇلمانلار» ئىــدى. ئــالللاھ تائــالا نــۇھ ئەلەيھىســسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأُمِــرْتُ أَنْ أَكُــونَ مِــنَ ٱلْمُسْلِمِينَ**﴾ يەنى﴿مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾[1]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ﴿**رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَــا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَــآ أُمَّــةً مُّسْــلِمَةً لَّــكَ**﴾ يەنـى ﴿رەببىمىـز! ئىككىمىزنـــى ئـــۆزۈڭگە ئىتـــائەتمەنلەردىن قىلغـــن. بىزنىـــڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمـۇ ئـۆزۈڭگە ئىتـائەتمەن (مۇسـۇلمان) ئـۈممەت چىقارغىن﴾[2].

(1) يۇنۇس سۈرىسى72 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 128ـ ئايەت.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ﴿ رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِي مِنَ ٱلْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ ٱلأَحَادِيثِ فَاطِرَ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي ٱلدُّنُيَا وَٱلآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِماً وَأَلْحِقْنِي بِٱلصَّالِحِينَ ﴾ يەنى ﴿رەببىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە ۋاپات قىلدۇرغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن﴾[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:﴿يٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ آمَنتُمْ بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوۤاْ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿ ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىشەنگەن بولساڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولساڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا قىلىپ تايىنىڭلار ﴾[2].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرمۇ مۇسۇلمانلار ئىدى:﴿قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ ٱللَّهِ آمَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ يەنى ﴿ھەۋارىيلار ئېيتتى:ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز مۇسۇلمانلارمىز﴾[3].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:﴿وَأُمِرْتُ لأَنْ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلْمُسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿(بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ

---

(1) يۇسۇپ سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 84ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 52ـ ئايەت.

ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾[1].

يـۇقىرىقى ئـايەتلەردىن بىلىنىـدۇكى، ئىسـلام دىنـى پۈتـۈن پەيغەمبەرلەرنىـــڭ ئورتـــاق دىنـــى بولـــۇپ، ئـــۇ مـــۇھەممەد ئەلەيهىســـسالامغا كەلگەنـــدە كامالىغـــا يەتتـــى. مـــۇھەممەد ئەلەيهىســـسالام مۇســـتەقىل، يېڭـــى بىـــر دىـــن ئېلىـــپ كەلـــگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلىـپ، ئـۇنى تا قىيامەتكىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچـۈن كەلـگەن. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلىـق بىـلەن خرىسـتىيانلىق ئەسـلى بۇزۇلغـان دىـنلار بولـــۇپ، «يەهـــۇدىي» ۋە«خرىســـتىيان»دېـــگەن ئاتـــالغۇلارمۇ كىشـــىلەر تەرىپـــدىن قويۇلغـــان. چـــۈنكى مۇســـا ۋە ئىيســـا ئەلەيهىسسالاملارغا كەلـگەن ساماۋى دىنلارنىـڭ روهـى «ئىسلام» ئىدى.

(1) زۇمەر سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنى

ئىسلام سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ئۆزىنى تاپشۇرۇش، بويسۇنۇش، باش ئېگىش دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىسلام سۆزىنىڭ ئىسلام ئاتالغۇلىرىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشقان ھالدا ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا ئىناۋەتچانلىقنى ئاساس قىلغان كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى دېگەنلىكتۇر.

بۇ مەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ھەققىدە سورىغان سوئالىغا بەرگەن مۇنۇ جاۋابىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ: «ئىسلام - ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت»[1].

## ئىسلام ساماۋى دىنلارنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدۇر

ئىسلام بارچە ساماۋى دىنلارنىڭ ئەڭ تاكامۇللاشقان نۇسخىسى نۇسخىسىدۇر. بۇ مۇنداق:

1. ئىسلام دىنى - ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق باشقا ساماۋى دىنلارغا خاتىمە بەرگەن ۋە ئىنسانلارغا ئۇنىڭ بىلەن نېمىتىنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تاماملىغان بىر دىندۇر. ﴿مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّينَ﴾ يەنى ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن بىرەرسىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر﴾[1].

2. ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالا ئۇنى تا قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولۇشقا تاللىغان بىر دىندۇر. ﴿ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلْأِسْلَامَ دِيناً﴾ يەنى ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[2].

3. ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالاغا قوبۇل بولغان بىرلا دىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿إِنَّ الدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلإِسْلَامُ﴾ يەنى﴿ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولغان دىن ئىسلامدۇر ﴾[3]. ﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ ٱلإِسْلَامِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي ٱلآخِرَةِ مِنَ ٱلْخَاسِرِينَ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئىسلامدىن باشقا بىر دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، (مۇنداق ئادەم) ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[4].

4. ئىسلام دىنى ـ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا

(1) ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 19ـ ئايەت.
(4) ئالى ئىمران سورىسى 85 ـ ئايەت.

چاقىرىلغان دۇنياۋى دىندۇر. ﴿قُلْ يَاأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً ٱلَّذِي لَهُ مُلْكُ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ لآ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ يەنى﴿ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان ئەلچى- ئۈممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار» ﴾[1].

5. ئىسلام دىنى — ئۆزىدىن بۇرۇنقى پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەقسەتلىرىنى ئورۇنلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكانغا مۇۋاپىق، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇلغان، ئەڭ ئىلغار بىر دىندۇر.﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَابَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ﴾ يەنى ﴿ ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھچى بولغۇچى ھەق كىتاب(قۇرئان) نى چۈشۈردۇق ﴾[2].

ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق ماكانغا

(1) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

مۇۋاپىق ۋە ھەر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنىڭ مەنىسى ـ ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەسىرلەر ھەم زامانلاردا تەتبىق قىلىنىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھېچبىر دەۋردە، ھېچبىر جايدا، ھېچبىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى بەخت ـ سائادىتىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ۋە مەنپەئەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

6. ئىسلام دىنى ــ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋە بۇ دىننى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بىر دىندۇر. ﴿هُوَ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر﴾[1]. يەنى ﴿ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى،

(1) سەف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

ئــۇلار ئۇچــۇن تاللىغــان دىنىنــى چوقــۇم مۇســتەھكەم قىلىــپ بېرىشــنى ۋە ئۇلارنىــڭ قورقۇنچىســىنى ئامانلىققــا ئايلانــدۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. چۈنكى ئــۇلار ماڭــا قۇلچىلىــق قىلىــدۇ، ماڭــا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيـدۇ. شـۇنىڭدىن كېيىن، كىمكـى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شـۇنداقلا راسـتتىنلا يولـدىن چىققـانلاردۇر﴾[1].

7. ئىسلام دىنى ـ ئەقىدە ۋە شـەرىئەتتىن (قـانۇن-تۈزۈمـدىن) ئىبارەت بولۇپ ئۇ، ئەقـىدە ۋە شـەرىئىتىدە ئەڭ تاكامۇللاشـقان بىـر دىندۇر.

### ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئىتى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە بۇيرۇيدۇ:

1. ئــاللاھ تائالانىــڭ بىــر ئىكەنلىكىــگە ئېتىقــاد قىلىشــقا بۇيرۇيدۇ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ.

2، راستچىللىققا بۇيرۇيدۇ، يالغانچىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

3. ئادالەتلىــك بولۇشــقا بۇيرۇيــدۇ، ھەقســىزلىق قىلىشــتىن مەنئى قىلىدۇ.

4. ئىشەنچلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، خىيانەت قىلىشتىن مەنئـى قىلىدۇ.

5. ۋاپادارلىققا بۇيرۇيدۇ، ۋاپاسىزلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

6. ئاتــا ـ ئانىغــا ياخشــىلىق قىلىشــقا بۇيرۇيــدۇ، ئــۇلارنى قاقشىتىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

---

(1) نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

7. ئـۇرۇق ـ تۇغقانلارغـا سـىلەر ــ رەھـىم قىلىشـنى بۇيرۇيـدۇ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەنئى قىلىدۇ.

8. قوشـنىلارغا ياخشـىلىق قىلىشـقا بۇيرۇيـدۇ، ئۇلارغـا جاپـا سېلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

9. پاكىزلىققا بۇيرۇيدۇ، پاسكىنىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

10. رەھـىم ــ شـەپقەتلىك بولۇشـقا بۇيرۇيـدۇ، شەپقەتسـىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

11. مەرد، سـېخى بولۇشـقا بۇيرۇيـدۇ، قورقۇنچـاقلىق ۋە بېخىللىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

12. بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشـقا چاقىرىـدۇ، جاھىللىق ۋە قاششاقلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

13. كىشـىلەرگە مەنپەئەتلىـك بولۇشـقا بۇيرۇيـدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ .

14. پائالىيەتچـان بولۇشـقا بۇيرۇيـدۇ، ھورۇنلـۇق ۋە تەييارتاپلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بارلىق ئېسىل ۋە گـۈزەل ئەخلاقلارغـا بۇيرۇيـدۇ، ئـۇلارنى پۈتـۈن رەزىللىـك، پەسكەشلىك ۋە ناچارلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ، بارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە بارلىق يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ﴿**إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُ بِٱلْعَدْلِ وَٱلإِحْسَانِ وَإِيتَـآءِ ذِي ٱلْقُرْبَـىٰ وَيَنْهَـىٰ عَـنِ ٱلْفَحْشَاءِ وَٱلْمُنْكَرِ وَٱلْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَـذَكَّرُونَ**﴾ يەنى ﴿ ئـاللاھ ھەقىقەتەن ئـادالەتكە، ھەر ئىشـنى قىيتىرقىنىـپ قىلىشقا، ئـۇرۇق- تۇغقانلارغـا سـىلەر ــ رەھـىم قىلىشـقا بۇيرۇيـدۇ، قەبىـھ (سـۆز ـ

ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، ئۇ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ ﴿[1].

ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇش ـ ئۇنىڭدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئۆز ۋاقتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلاردىن ھەق ۋە توغرا بىر دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولالمىغان.

(1) نەھل سۈرىسى90 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل دىندۇر

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىندۇر. ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ بارلىق پىرىنسىپلىرىدا، تەلىماتلىرىدا ۋە قانۇنلىرىدا ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تامامەن ماسلىشىدىغان، ئۇنىڭ جىمى مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بىر دىن. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت دىنى دېگەن ئىمتىيازغا سازاۋەر بولغان. بۇ دىننىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا ﴿ **وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ** ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ [1] دېگەن.

بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىمىز، قايتىشىمىزمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە بولىدۇ. بۇ قىسقىغىنا دۇنيا ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، بارلىق مۇشكۇلاتلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، ياراتقۇچىمۇ بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يۈلەنمەستىن ئوڭشىغىلى بولمايدۇ.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى107-ئايەت.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدەك مۇكەممەل بىر دىننى، ئۇنىڭ قانۇنىدەك ئادالەتلىك بىر قانۇننى، ئۇنىڭ شوئارىدەك ياڭراق بىر شوئارنى، ئۇنىڭ ئەخلاقىدەك يۈكسەك بىر ئەخلاقنى كۆرگىنى يوق. زامانىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام نامىدىن ئىشلىگەن جىنايەتلىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى، دىنسىزلارنىڭ خۇراپىي تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ سۈرىتى قىسمەن بۇرمىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئىنسانلارنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە. غەربلىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق ئېيتقان ئىنسابلىق سۆزلىرى بار.

## باشقا دىندىكىلەردىن ئىسلام دىنى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە ئۇلغارلىقىنى باشقا دىندىكى نۇرغۇنلىغان ھازىرقى زامان ھەر ساھە ئىلىم - پەن ئالىملىرىمۇ تونۇپ يېتىپ مۇسۇلمان بولماقتا. ئۇلاردىن بەزىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرۇلۇق سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىدىن بىر قانچىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى خالايمىز:

1. ئەنگلىيە شاھزادىسى چارلىز 1992-يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدە سۆزلىگەن «ئىسلام ۋە غەرب»دېگەن تېمىدىكى لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بىزگە تىنچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى. بۇ خىرىستىيان دىنى قولىدىن بېرىپ قويغان ئۆزگىچىلىكتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ، دىن بىلەن ئىلىمنىڭ ۋە ئەقىل بىلەن تەبىئەتنىڭ ئايرىسنى ئايرىشنى رەت قىلىدۇ.»

2. ئەنگلىيەلىك تىلشۇناس ۋە بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور لېئون مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ

ئەۋزەللىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پىكرىي ئىنىرگىيەسىنى توڭلىتىپ قويۇشقا ئەمەس، بەلكى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

3. گوللاندىيەلىك تارىخشۇناس ۋە تالانتلىق شائىر دوكتور ل. مىلما مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا تەركىدۇنيالىق تەرغىب قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدا باشقا دىنلاردا بولغاندەك دىنىي بىسىمدارلىق يوق، مۇسۇلمان ئادەم نەدىلا بولمىسۇن ھەقىقەتنى ئىزدەشكە چاقىرىلغان، ئىسلام دىنىدا قېرىنداشلىق بىلەن باراۋەرلىك ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەقىلنى قەدىرلەيدۇ، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى قاتتىق چەكلەيدۇ».

4. ياپونىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى دوكتور ئى. م مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە ئوڭايلىقى يۈزىسىدىن، ئاددىي كىشىلەرمۇ ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا باشقا دىنلاردىكىدەك «دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغانلارنى ۋە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇتىدىغانلارنى تاپقىلى بولمايدۇ».

5. ياپونىيەلىك ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور ش. نوتاكى مۇنداق دەيدۇ: «مەن باللىقىمدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشىم بىلەن كەڭ كەتكەن بىر روھىي ئالەمنى كەشىپ قىلغان بولدۇم

ۋە ئۆمرۈم ئىچىدە تۇنجى قېتىم ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىدىم.»

6. گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس زىفىرد ھونك «ئاللاھنىڭ نۇرى ياۋروپادا پارلايدۇ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كىشىلەر دىنغا كىرىشكە زورلانمايدۇ. مانا بۇ، قۇرئاننىڭ پرىنسىپى بولۇپ، ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىغان ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى پارلاش بىلەن خىرىستىيانلىق بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. مۇسۇلمان بولمىغان خىرىستىيانلارمۇ خۇددى گۈل ـ چېچەكلەر قۇياش نۇرىغا تەلپۈنگەندەك، مۇسۇلمانلارغا تەلپۈنگەن ئىدى.»[1]

7. ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى غەربلىك شەرقشۇناس كونت ھېنرىنىڭ «ئىسلام كەڭچىلىك دىندۇر»ناملىق ئەسىرىدىن مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئىسلام دىيارلىرىدا ياشاۋاتقان خىرىستىيانلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ شۇ ھەقىقەتكە يەتتىمكى، مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلارغا تولىمۇ ئېسىل ۋە تولىمۇ ئۈلگىلىك مۇئامىلە قىلغان. مۇنداق بىر ياخشىلىقنى مۇسۇلماندىن باشقىسىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ.»[2]

8. ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ غەربلىك شەرقشۇناس ھانۇتۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلغان: «بىز مۇسۇلمانلارغا ئادالەت،

---

(1) ئۇستاز مەرۋان ھەسەن ھەمۇدەنىڭ«هذا هو الإسلام» (مانا بۇ ئىسلام)ناملىق ئەسىرى3ـبەت.

(2) ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«التعصب والتسامح بين المسيحية والإسلام»(ئىسلام بىلەن خرىستىيان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇتەئەسسىپلىك ۋە كەڭچىلىك پەرقى) ناملىق ئەسىرىدىن.

تىنچلىق ۋە كەچۈرۈمچانلىق جەھەتلەردىن كۆپ مىننەتدارمىز. بىز بۇ دىننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشكە موھتاجمىز.»[1]

9. مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئارتىر ھاملتون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسانلار ئەگەر ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئىنسانىي مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلالايدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى.»[2]

(1) ئىمام مۇھەممەد ئابدۇنىڭ « الإسلام والمسيحية بين العلم والمدنية» (ئىسلام ۋە خرىستىيان دىنىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت پەرقى) ناملىق ئەسىرىدىن.

(2) ئۇستاز مۇھەممەد ئوسمانىنىڭ «محمد في الآداب العالمية المنصفة»( تەرەپسىز دۇنيا ئەدەبىياتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى) ناملىق ئەسىرىدىن.

# ئىمان ۋە ئىسلام

سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىمان سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش دېگەننى ئىپادىلىسە، ئىسلام تېرمىنلىرىدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تىل بىلەن سۆزلەشتۇر.

ھەسەن ئەلبەسرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[1] مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىمان ـ ئاغزاكى ئارمان قىلىش ياكى ئۆزىنى مۇسۇلمانچە كۆرسىتىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، دىلدا ئورۇن ئالىدىغان، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئەمەل ئىسپاتلايدىغان نەرسىدۇر».

بەزى ئىنسانلار دەيدۇكى: بىز بىراۋغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ياشاشنى خالىمايمىز، بەلكى ئۆزىمىز خالىغان بويىچە ھايات كەچۈرىمىز. چۈنكى بىز ئەركىن يارىتىلغان مەۋجۇداتمىز. بۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ئاققان بىلەن، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان

---

(1) ھەسەن ئەلبەسرىي ـ (21ھ/642م-110ھ/727م) ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبن خەتتابنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇن يېشىدا قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنى مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن سانىلىدۇ. ھەسەن ئەلبەسرىي ھاياتىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى ھازىرقى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بەسرە شەھىرىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ۋە بىردىنبىر مۇپتىسى بولۇپ ئۆتكەن.

مۇناسىۋەتتە ئاقمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى، رىزىقلاندۇرۇشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدىلا شۇنداق ئىنسان بولۇپ يېتىشكەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىسيانكارلىق قىلسا بولامدۇ؟

ئىنسانغا يارىشىدىغىنى ئاللاھ تائالاغا تەلتۆكۈس بويسۇنغان ھالدا، ئۇنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرىشىدۇر. مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى. بۇنداق ياشىغانلار ھەقىقىي مۇسۇلمان دېيىلىدۇ. ﴿**وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّـهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ**﴾يەنى ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا، ئاللاھقا بويسۇنىدىكەن، ئۇ ئەڭ ساغلام تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر﴾ (1)

## ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى

سوئال: ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى تۆۋەندىكى 6 ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

3. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ

---

(1) لۇقمان سۈرىسى22ـ ئايەت.

ئېتىقاد قىلىش.

4. ئـاللاھ تائالانىـڭ كىتابلىرىغـا چىـن ئىشـىنىپ ئېتىقـاد قىلىش.

5. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

6. ياخشـىلىق ۋە يامـانلىق ئـاللاھ تائالانىـڭ تەقـدىرى بىـلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

يـۇقىرىقى 6 ھەقىقەتـكە چىـن دىلىـدىن ئىشـىنىپ، ئۇنىـڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇئمىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿**يَا أَيُّهَـا ٱلَّـذِينَ آمَنُـواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّـذِيَ أَنَزلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاۤئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِـرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئۇنىـڭ پەيغەمبىـرىگە ۋە ئـاللاھ ئۇنىڭغـا چۈشـۈرگەن كىتابقـا ۋە ئىلگىـرى چۈشـۈرگەن كىتابلارغـا ئىمـان كەلتـۈرۈڭلار. كىمكـى ئـاللاھنى، ئۇنىـڭ پەرىشـتىلىرىنى، كىتـابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنـى ۋە ئـاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1].

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «ئىمـان ـ ئاللاھقـا، ئۇنىـڭ پەرىشـتىلىرىگە، پەيغەمبەرلـىرىگە، كىتابلىرىغـا، قىيـامەت كـۈنىگە ۋە ياخشـىلىق ـ يامـانلىق ئاللاھنىـڭ تەقـدىرى بىـلەن

---

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ، قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت »[1].

سوئال: ئىسلام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام ـ ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى تاپشۇرۇشى، يەنى تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىن «ئىسلام» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسلامنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿**مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ**﴾ يەنى ﴿ كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچى بولغان هالدا ئاللاھقا بويسۇنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇنداقلار ئۈچۈن ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ ﴾[2].

## ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى

سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىبادەت قىلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا لايىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 112 ـ ئايەت.

2. ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى، ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3. يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

4. پۇل ـ مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىلدا بىر قېتىم پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىش.

5. ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ قۇدرىتى يەتسە، ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

ئىسلامنىڭ يۇقىرىقى بەش چوڭ ئاساسىي پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇسۇلمان»دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئىسلام ـ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت»[1].

## ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سوئال: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىمە؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ـ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتۇر. ئىسلام ـ ئىمان

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. چۈنكى ئىمان ئېتىقادقا، ئەمەل شەرىئەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئېتىقاد بىلەن شەرىئەت ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە، ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحْمَـٰنُ وُدّاً**﴾ يەنى﴿ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾[1].

ئېنىقكى، دىللاردا مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسلامنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىش پەقەت ئىسلامنىڭ يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىككەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ ٱلْفِرْدَوْسِ نُزُلاً * خَالِدِينَ فِيهَا لاَ يَبْغُونَ عَنْهَا حِوَلاً**﴾ يەنى ﴿ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ . ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ ﴾[2]

سوئال: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

جاۋاب: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ﴿ **لاإلــه إلا الله محمــد رســول**

(1) مەريەم سۈرىسى 96 ـ ئايەت.

(2) كەھف سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

ﷲ﴾« لائىـــلاھە ئىللەللاھــۇ، مــۇھەممەدۇن رەســۇلۇللاھ» يەنــى ( ئالّلاھتىن باشقا ئىـلاھ يـوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ئالّلاھنىـڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن كەلىمە تەييىبەنى مەنىسىنى بىلىـپ ئوقـۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىقرار قىلىش بىلەن كىرىدۇ.

## كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى

سوئال: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

جـاۋاب: بـۇ كەلىــمە تەييىبەنىــڭ مەنىســى: ئــاللاھ تائــالادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغـان ھەقىقىـي ئىـلاھ يـوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئـاللاھ تائالانىـڭ ئەلچىسـى ۋە بەرھەق پەيغەمبـىرى دېگەنلىكتـۇر. بـۇ كەلىــمە ئىمـان ۋە ئىسـلامنىڭ مەنىلىرىنـى ئـۆز ئىچىــگە ئالغــان ئىنتــايىن ئىخچــام بىــر كەلىــمە بولغــانلىقتىن، كىشىلەر ئىسلام دىنىغـا كىرىشـتە، ئالـدى بىـلەن ئـۇلاردىن مۇشـۇ كەلىـــمە تەلەپ قىلىنىـــدۇ. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام كەلىـــمە تەييىـــبە ھەققىـــدە مۇنـــداق دەيـــدۇ: «كىمكــى ئــاللاھتىن باشــقا مەبـۇدلارنى ئىنكـار قىلىـپ، چىـن دىلىـدىن ﴿ لاإلـــه إلا ﷲ ﴾ يەنى«ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىـي ئىـلاھ يـوق» دەيـدىكەن، ئۇنىـڭ بـۇرۇن قىلغـان گۇنـاھلىرى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ، ئۇنىـڭ مـال ــ مـۈلكى ۋە جېنـى قوغدىلىـدۇ، ئۇنىـڭ (ھەقىقىـي ئىمـان ئېيتقـان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ) ھېسابى ئاللاھقىدۇر»[1].

سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جـاۋاب: كەلىـمە تەييىـبە ھەرقانـداق كىشـى ئۇنىـڭ مەنىسـىگە ئىقــرار قىلىــپ، كۆڭلىــدىن تەســتىق ۋە قوبــۇل قىلىــش بىــلەن

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇسۇلمان بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىردىنبىر ئەھمىيەتلىك كەلىمىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى ۋە روھى ﴿ لاإلـه إلا الله ﴾ يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى قوبۇل قىلىپ ئىقرار ۋە تەستىق قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ.

﴿**محمد رسول الله** ﴾ يەنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، گۇۋاھلىق بېرىش بولسا،﴿ **لاإلـه إلا الله**﴾ دېگەن شاھادەتنى تولۇقلىغانلىقتۇر. بۇ ئىككى شاھادەت (يەنى كەلىمە تەييىبە) ئىسلام دىنىنىڭ روھى بولغىنىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلماستىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشمەستىن قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ھەرگىز قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس قىلىش بىلەن ﴿**لاإلـه إلا الله**﴾ دېگەن شاھادەت ئورۇندىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭ يولىغا ھەقىقىي رەۋىشتە، ئىزچىل ئەگىشىش بىلەن ﴿محمد رسول الله﴾ دېگەن شاھادەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئاخىرەتتە ئازابتىن ساقلىنىش ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كاپالەت قىلغۇچىمۇ بىردىنبىر كەلىمە تەييىبەدۇر. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر، دەپ چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بەرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ دوزاخنى ھارام قىلدى»[1].

سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كەلىمە تەييىبەنىڭ پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ. كەلىمە تەييىبەنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى، كىشىلەرنى مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقىسىغا ئەگىشىشنىڭ ھالاكەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتەك، توغرا يولغا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىككى ئالەمدە بەختلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سوئال: قانداق كىشى ھەقىقىي مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ؟

جاۋاب: يۇقىرىقى 6 ئىمانغا، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان كىشى ھەقىقىي مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَـٰئِكَ هُمُ ٱلصَّادِقُونَ**﴾

(1) مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى.

يەنــى ﴿شۈبھىســىزكى، ھەقىقىــي مۇئمىنلەر ــ ئاللاھقــا ۋە ئۇنىــڭ پەيغەمبىــرىگە ئىمــان كەلتــۈرگەن، ئانــدىن شــەك كەلتــۈرمىگەن، مــاللىرى بىـــلەن جــانلىرى بىـــلەن ئاللاھنىـــڭ يولـــدا جىھـــاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر﴾[1].

## ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمايدۇ

سوئال: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى: ئاۋۋال ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تولۇق بايان قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ئوقۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش، خالىسا تەرك ئېتىش ئىختىيارى بىلەن ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً**﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈردۇق، ئۇنى تەدرىجىي چۈشۈردۇق ﴾[2].

يەنى خالىساڭلار ئىمان ئېيتىڭلار، خالىساڭلار كۇفرىلىق ھالىتىڭلار بىلەن قېلىڭلار، سىلەرگە ئۆزۈڭلار خالىمىغان بىر ئېتىقادنى تېڭىش يوق، دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى

(1) ھوجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

(2) ئىسرا سۈرىسى 106 ئايەت.

ئۇنىڭغا كىرىشكە ھېچ ۋاقىت زورلىغان ئەمەس ۋە زورلىمايدۇ. بەلكى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا چىرايلىقچە دەۋەت قىلىدۇ، بەس. چۈنكى ئىسلام دىنى بىر نەرسىگە ئىشىنىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى، تەلىماتلىرىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنىڭ ئادىللىقىدۇر!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **لاَ إِكْرَاهَ فِي ٱلدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشْدُ مِنَ ٱلْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِٱلطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسْتَمْسَكَ بِٱلْعُرْوَةِ ٱلْوُثْقَىٰ لاَ ٱنفِصَامَ لَهَا** ﴾ يەنى﴿ دىندا زورلاش يوق. ھىدايەت ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغۇت (ساختا ئىلاھلار) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ئۇ، سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ﴾[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتى مۇسۇلمانلار كۇففارلارغا غالىب كەلگەن چاغلاردىمۇ، ئۇلارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿ **وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلاَمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ**﴾ يەنى﴿ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ، ئاللاھنىڭ كالامىنى (چۈشىنىپ) ئاڭلىغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ، ئىمان ئېيتمىسا) ئۇنى جېنى، مېلى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن﴾[2].

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

## ئىمانىنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشى

سوئال: ئىمان كەم ـ زىيادە بۇلامدۇ؟

جاۋاب: ئىمان كەم ـ زىيادە بولىدۇ . ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىمان زىيادىلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىمان ناقىسلىشىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ. مانا بۇ، ئىمانىنىڭ كەم ـ زىيادە بولغىنىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَاناً وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ**﴾ يەنى ﴿ مۇئمىنلەر پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە يۆلىنىپ ئىشەنچ باغلايدىغان كىشىلەردۇر ﴾[1].

ئىمان ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن كۈچىيىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل قېلىش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىمانىنىڭ ياخشى ئەمەللەر بىلەن زىيادىلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ ٱلْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوٓاْ إِيمَاناً مَّعَ إِيمَانِهِمْ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈرگەن زاتتۇر﴾[2].

---

(1) ئەنفال سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

(2) فەتھ سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

## ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار

سوئال: ئىماننى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىماننى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىلىم

ئىلىم ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئېتىقادنى كۈچەيتىدۇ، ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشى ئىماننىڭ كۈچىيىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىلىم توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَابِ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ﴾[1].

2. ئەمەل

ياخشى ئەمەللەر بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى زىچ باغلاپ تۇرىدىغان بىر چوڭ ۋاستە بولۇپ، ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

3. تەپەككۇر

ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

تەپەككۇر قىلىش كىشىنى ئاللاھ تائالانى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش

قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەسبىھ ـ تەھلىللەرنى ئېيتىش بىلەن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئىماننىڭ كۈچىيىشىگە ۋاستە بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئىخلاس ۋە مۇھەببەت ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

**ئىماننىڭ ئالامەتلىرى**

سوئال: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ـ سۆز ـ ھەرىكەت ۋە ئىش ـ پائالىيەتلەردە توغرا بولۇش دېمەكتۇر. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پادىشاھى توغرىلىقتۇر. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾[1]. پەيغەمبەر

(1) نۇن سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[1].

2. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسى

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى ۋە بۇ سۆيگۈنىڭ پۈتۈن ئىش ـ پائالىيەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردە ئىپادىلىنىشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىل خىسلەت تېپىلسا، ئۇ، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى، بىراۋنى دوست تۇتسا، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇشى، بىراۋنى دۈشمەن بىلسە، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بىلىشى، ئىماندىن يېنىپ كېتىشنى، گويا ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ يامان كۆرۈشى»[2].

3. ئاللاھ تائالا تائالادىن قورقۇش

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُا۟﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[3].

ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(3) فاتىر سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

بېرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ـ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىش دېگەنلىكتۇر.

4. ياخشى ئەمەللەر

روھلارنى پاكلايدىغان، ھاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئىمان ئەگەر ياخشى ئەمەللەردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ، نە مېۋىسىدىن، نە سايىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان پايدىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىمانسىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ رىيا ۋە نىفاقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلأَمْنُ وَهُمْ مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿ قورقماسلىق( ۋە خاتىرجەملىك) ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا ھەقسىزلىقنى(شېرىكنى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە خاستۇر. ئەنە شۇلار توغرا يولنى تاپقانلاردۇر ﴾[1].

### ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىكى تەسراتلىرى

سوئال: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسراتلىرى نېمە؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا بېرىدىغان تەسراتلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىز تۆۋەندە پەقەت بىر قانچىسىنى بايان قىلىمىز.

(1) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

1. ھىدايەت

ئىمان كىشىنى توغرا يولغا باشلاش ئارقىلىق، ئۇنى ئىككى ئالەمنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىشمۇ ھىدايەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ ٱلأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ ٱلنَّعِيمِ**﴾ يەنى﴿ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن رەببى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ ﴾[1].

2. شىجائەت

ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن قورقمايدىغان، ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى، كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش، ئۆلتۈرۈش ـ تىرىلدۈرۈش ۋە رىزىق بېرىش پەقەت بىر ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئېتىقادى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ھۆر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ھۆرىيىتىنى قوغداش يولىدا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿**قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلاَّ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلاَنَا**﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 9 ـ ئايەتتە.

مەدەتكارىمىزدۇر﴾[1].

3. غەلىبە

ئىمان مۇئمىن كىشىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى﴾[2]. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان ياردەملەردىن مەھرۇم قېلىپ، خار ۋە زەبۇنلۇق گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان رەۋىشتە ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولالمىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، «مۇئمىن» سۆزى بىلەن «مۇسۇلمان» سۆزى ئوتتۇرىسىدا ئومۇم ۋە خاسلىق جەھەتتىن پەرق باردۇر. ھەرقانداق مۇئمىن مۇسۇلمان دېيىلىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇسۇلمان مۇئمىن دېيىلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ئايەت: ﴿**قَالَتِ ٱلْأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُواْ وَلَـٰكِن قُولُوٓاْ أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ ٱلْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ**﴾ يەنى ﴿سەھرالىق ئەرەبلەر «ئىمان ئېيتتۇق»دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«( تېخى)ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر «بويسۇندۇق» دەڭلار. (چۈنكى) ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى﴾[3].

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ۋەدىلىرى ھەققىدە

(1) تەۋبە سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 14ـ ئايەت.

ئىــــزدەنگەن كىشـــى ئـــاللاھ تائالانىـــڭ مەزكـــۇر ۋەدىلىرىنىـــڭ ھەممىسى مۇئمىنلەرگىلا خاس قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ.

4. قانائەت

ئىمـــان مۇســـۇلمان كىشـــىنىڭ قەلبىـــدە، قانـــائەت ۋە ئىســـىل پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان رىزىق پەقەت ئـاللاھ تائالانىـڭ قولىـدا، ئـاللاھ تائـالادىن باشـقا رىزىـق بەرگـۈچى يـوق، ئـاللاھ تائـالادىن كەلـگەن رىزقنـى توسـۇۋالغۇچى ھەم يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَنْ يَشَآءُ وَيَقَـــدِرُ﴾ يەنـى ﴿ئـاللاھ خالىغـان ئادەمنىـڭ رىزقىنـى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾[1].

5. خاتىرجەملىك

ئىمـــان مۇســـۇلمان كىشـــىنىڭ كـــۆڭلىگە خاتىرجەملىـــك ۋە ئامـانلىق بېغىشلايدۇ. چـۈنكى دۇنيـادا نۇرغـۇن كىشـىلەر جەۋر - زۇلـۇم ۋە ھەقسـىزلىقلارغا ئۇچرايـدۇ. لـېكىن ئىنتىقـام ئېلىشـقا كۆپىنچىسـىنىڭ كـۈچى يەتمەيـدۇ. مـاددىي ۋە مەنىـۋى زىيـان - زەخمەتـلەرگە ئۇچرايـدۇ. لـېكىن كـۆپ ھـاللاردا ئۇنىـڭ بەدىلىنـى كۆرەلمەيـدۇ. بـۇ سـەۋەبتىن ئـۇلار ھۇزۇرسـىز ۋە خاتىرجەمسـىز ياشاشـقا يـۈز تۇتىۇۋاتقانـدا، ئىمـان ئـۇلارنى، ئۇلارنىـڭ بـۇ دۇنيـادا ئالالمىغـــان ئىنتىقـــاملىرىنى ئېلىـــپ بېرىـــدىغان ، تارتقـــان زىيـانلىرىنى پايـدىغا ئايلانـدۇرۇپ بېرىـدىغان كەرەملىـك ئـاللاھ تائالانىـڭ ئـادالىتىگە ئىشـىنىپ، ئـاخىرەتنى كۈتـۈپ، خـاتىرجەم،

(1) رەئد سۈرىسى 26 - ئايەت.

بەھۇزۇر ئۆمۈر سۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

6. چىدام ۋە سەۋرچانلىق

ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، باشقا كەلگەن ھەرقانداق بالا ـ قازا ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، چىداملىق ئىرادىنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان باشقا كەلگەن پۈتۈن بالايىئاپەت ۋە مۇسىبەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۇئمىن كىشى بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مۇسىبەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە سەۋر بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، تۇرمۇشىنى يەنىلا بەھۇزۇر ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ. ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا بېرىدىغان مۇندىن باشقىمۇ ئىجابىي تەسىرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇلارنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

**ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار**

سوئال: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلىش.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش.

3. مۇناپىقلىق، يەنى ئېغىزىدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلىش.

4. ئەمەل ـ ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېتىدۇ، دەپ ئېتىقاد

قىلىش.

5. كۇففارلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ۋە تۇتقان يوللىرىغا كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرۈش.

6. باشقىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

7. قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش.

8. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلىش.

9. مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كۇففارلار بىلەن بىرلىشىش.

10. باشقا قانۇنلارنى ئىسلام قانۇنىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

11. سېھىرگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش.

12. ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش.

13. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولماسلىق ياكى ئىسلام قانۇنىنى كەمسىتىش، يەنى ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشمايدۇ، دېيىش.

14. داخان، پالچى ۋە رەمچىلەرنىڭ غەيبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى داخان، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ مۇھەممەتكە (يەنى

ماڭا) كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[1].

15. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئاشكارا رەت قىلىش، يەنى ھەقىقەتكە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىش. شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسمۇ ھەقىقەتنى بىلەتتى ۋە ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلاتتى. بىراق ئىبلىس تەكەببۇرلۇقتىن ئاللاھ تائالانىڭ پەرمانىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى سەۋەبتىن، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتكەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈلۈك قوغلانغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ**﴾ يەنى ﴿ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە :«ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار»دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس(سەجدە قىلىشتىن)باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى ﴾[2].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۇفرىنىڭ تۈرلىرىدىن قايسى بىرىنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلام ۋە ئىماندىن چىققان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئىمانىمىزدا مەھكەم قىلسۇن، ئامىن! ﴿ **اَللَّهُمَّ ثَبِّتْ قُلُوبَنَا عَلَى دِينِكَ**!!! ﴾ (ئى ئاللاھ! قەلبىمىزنى سېنىڭ دىنىڭغا مەھكەم قىلغىن!!!)

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

# بىرىنچى باب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش

## ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى

دۇنيادا ھېچقانداق دىن ۋە ھېچقانداق بىر پەلسەپە ئاللاھ تائالانى ئىسلام دىنى تەرىپلىگەندەك مۇكەممەل ۋە توغرا تەرىپلىگەن ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەر بېرىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئاللاھ تائالا بىردۇر! ئۇ ئەزەلدىن بار بولغان، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ھەممە جانلىقلارغا رىزىق بېرىۋاتقان يالغۇز ئىلاھتۇر.

ئۇ زاتىدا، بارچە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇ جىسىم ئەمەس، زامان ۋە ماكانغا مەخسۇس ئەمەس، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھېچ نەرسىدە ئورۇن ئالمايدۇ ۋە ھېچ نەرسە ئۇنىڭدا ئورۇن ئالمايدۇ، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەت بولۇپ، ھېچكىمگە ھېچ نەرسىدە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇتلەق كۈچ ـ قۇدرەت، چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولۇپ، كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا، ئىنسان، ھايۋان، ئۇچار قۇش ۋە ھاشاراتتىن ئىبارەت بارچە جانلىقلارنى رىزىقلاندۇرۇشتا ۋە ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، بار قىلىش، يوق قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يېگانىدۇر،

ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. كائىناتتا قانداقلا بىر ئىش بولمىسۇن، چوقۇم ئۇنىڭ ئىرادىسى، ئىلمى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت تەڭداشسىز بىر يېگانە ئىلاھ ئۇچۇن بۇ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئادالەتلىك بىر تەرىپتۇر.

ئاللاھ تائالا بەزى پەيلاسوپلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كائىناتتىكى يوشۇرۇن كۈچمۇ ئەمەس، ماتېرىيالىزمچىلار دەۋا قىلغاندەك تەبىئەت ياكى كائىنات ئەمەس، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئىنسانغا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان، مەخلۇقاتلارغا ئوخشىمايدىغان قەدىمىي ئىلاھتۇر ۋە ھەقىقىي مەبۇدتۇر.

ئىنساننىڭ ۋىجدانىدا مۇشۇ چۈشەنچە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا تولۇق بىر خاتىرجەملىك، پىكرىي قانائەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك، توغرا ئىش قىلىدىغان، رەھىم ـ شەپقەتلىك بىر ئىلاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشە دېگەنلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئورۇن تاپالمايدۇ، نەتىجىدە، ھاياتنىڭ تەمىنى ۋە ھالاۋىتىنى تولۇقى بىلەن تېتىيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سائادەتمەنلىك بارمۇ دۇنيادا؟!

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى دەلىل ـ ئىسپاتقا موھتاجمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن كۆرسىتىش ھاجەتسىز. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز

ئالەملەر ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. كائىناتتىكى ھەر بىر ئالەمەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلىش، خۇددى ئوپئوچۇق كۆندۈزدە، ئاسماندا قۇياشنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، خۇددى ئەما كىشىلەر كۈندۈزدىكى قۇياشنىڭ كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان پارقىراق نۇرىنى كۆرەلمىگىنىدەك، بەزى ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەممىشە نامايان بولۇپ تۇرغان، ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەرنى كۆرەلمەيۋاتماقتا. ئىنسانلار ئارىسىدا كۇفرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن بەزىسىنى كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە دەلىللەر ئۇنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆزىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە

دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

## ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر

بۇ مەنىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندە، چىن ئىشەنگۈچىلەر مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[1].

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

**وفي كل شيئ له آية ، تدل على أنه الواحد**

ھەرنەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار ئالامەت،

بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب تاپماقچى بولغان ھەر قانداق كىشى، تۆۋەندىكى تۆت جاۋابتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ:

1. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان، يەنى ماددىنىڭ زەررىلىرى (پارچىلىرى) ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان دېيىش. بۇنداق جاۋاب ئەقىلگە ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، چۈنكى ، تاش، سۇ، ھاۋا، تۇپراق ۋە ئۇلاردىن باشقا ماددىلاردا ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقى

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ھەممىگە مەلۇم. تارىختىن بىرى، ھېچبىر زامان ئۇلارنىڭ ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە، شۇنداقلا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ئەقىل، ئىدراك ياكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان ماددىلارنىڭ كائىناتنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاۋاب ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىدۇ.

2. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى تەبىئەت ياراتقان دېيىش. ئەگەر بىز، بۇ جاۋابنى بەرگۈچىلەردىن تەبىئەت دېگەن نېمە دەپ سورايدىغان بولساق، ئۇلاردىن بەزىلەر: «تەبىئەت ــ كائىناتنىڭ مەنزىرىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كائىنات يوق ئىكەن تەبىئەتمۇ يوق ئىدى. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ مەنزىرىسى شۇ نەرسە مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولالايدۇ. ئۇ نەرسە بولمىسا مەنزىرىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا تەبىئەت بۇرۇن ئۆزى يوق تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى يارىتالىدى؟ ئەگەر بىز تەبىئەتنى كائىناتتىن بۇرۇن بار ئىدى، دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، تەبىئەت ئەقىل ـ ئىدراك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بىر نەرسە تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى، جۈملىدىن ئەقىللىك ئىنسانلارنى يارىتالىسۇن؟! ئۇلاردىن بەزىلەر تەبىئەتنى «كائىناتنىڭ ئۆزى» دەپ تەرىپلىسە، بەزىلەر ئۇنى «يوشۇرۇن كۈچ» دەپ تەرىپلىمەكتە. بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بولماي نېمە؟ ئۇلار بۇنى «تەبىئەت» دەپ چۈشەنسە، بىز ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى، دەپ چۈشىنىمىز. دېمەك، كائىناتنى تەبىئەت

ياراتقان دەيدىغان بۇ جاۋابمۇ، يۇقىرىقىسىدىن قىلىشمايدىغان بىمەنە جاۋابتۇر.

3.كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر تاسادىپىي يارىتىلىپ قالغان، يەنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر، ئەسلىدە ئاتوم زەررىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزئۆزىدىن ھەرىكەتكە كېلىش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە كائىنات ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىش.

ئۇنداقتا، قۇياشنىڭ ماددىلىرى ئىسسىق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇياش دۇنياغا ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بېرىدۇ. يەرشارى ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ ماددىلىرىدا ئىسسىقلىق ماددىسى يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تاسادىپىي بولغان ئىشلارنىڭ پىلانسىز ۋە نىزامسىز ھالدا، ئۆزئۆزىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق بىر مەسىلە. قانداقلارچە، ئىسسىقلىق ماددىلىرى تاسادىپىي ھالدا ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ قۇياشقا ئايلىنىپ قالدى؟ يەرشارىدىن باشقا پلانېتلاردا سۇنىڭ يوقلىقى ۋە ئۇ جايلاردا جانلىقلارنىڭ ياشىمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولغان يەردە، سۇ قانداق بولۇپ باشقا پلانېتلاردا بولۇپ قالماستىن، تاسادىپىي جانلىقلار ياشايدىغان يەرشارىدىلا بولۇپ قالغان؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار بىر خىل ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل بىر قانۇن سىستېمىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. تاسادىپىي بولغان ئىشلار - بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك - نىزامسىز ۋە پىلانسىز بولىدۇ. بۇ ھالدا، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىكى نىزام ۋە قانۇن سىستېملار نەدىن كەلدى؟ تاسادىپىيلىق ئۆزىدە بولمىغان نىزام ۋە قانۇن سىستېملارنى كائىناتقا قانداقمۇ بېرەلەيدۇ؟ دېمەك، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى

شەيئىلەرنى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان دېگەن جاۋاب، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا بولۇنمىگەن سەپسەتىدۇر.

4. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ تائالا ياراتقان دېيىش.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ھېچبىرى ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەنلىكى ۋە ئەقىل، مەنتىقىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك رەت قىلىنغانلىقىدىن مەلۇم بولدىكى، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەر ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە چەكسىز قۇدرەتلىك، كامىل بىر زات تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىنچىكە نىزام ۋە پۇختا پىلانلار بىلەن يارىتىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ زات بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:﴿**ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ**﴾ يەنى ﴿ ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭغىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىنى قوغداپ تۇرغۇچىدۇر ﴾[1].

تارىختىن بۇيان، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم «كائىناتنى مەن ياراتتىم» دەپ دەۋا قىلغىنى يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچى يوق ـ دە!!

(1) ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

ئاللاھتىن باشقا بىرى كائىنات ياكى ئۇنىڭدىكى شەيئىلەردىن بىرەرسىنى يوقتىن بار قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئىلان قىلغان ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا پۈركەتكەن بولاتتى. مەسىلەن: توكنى ئىجاد قىلغان ئىدىسونمۇ ئۆزىنىڭ توكنى ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىلان قىلماي قالمىغان. ئەگەر ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇياشنى ياكى ئاينى ياكى بىرەر جانلىقنى ياراتقان بىرسى بولسا ئىدى، ئۇ، ئۆزىنى ئىلان قىلماي قالمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋە ئۆزىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى خالايدۇ. دېمەك: مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرەر ياراتقۇچىنىڭ بولمىغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى يالغۇز ئاللاھتۇر! ئاللاھ تائالادىن باشقا ياراتقۇچىنىڭ يوقلىقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان كەسكىنلەشكەن بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لاَعِبِينَ. مَا خَلَقْنَاهُمَآ إِلاَّ بِٱلْحَقِّ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويۇن بولسۇن دەپ ياراتقىنىمىز يوق. بىز ئۇلارنى پەقەت ھەقىقىي(بىر مەقسەت ئۈچۈن) ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ﴾[1].

«كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئاللاھ ياراتقان» دېگەن 4ـ جاۋابنى بەرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغان ۋە

(1) دۇخان سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.

ئەقلىنىڭ ساداسىغا ماسلاشقان مۇئمىن زاتلاردۇر. ئۇلار ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىغا ئىقرار قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىر ياراتقۇچىنىڭ يوقلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سەممىي ئېتىقاد ۋە پاك ھېس بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان مۇنۇ دىنىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا لاَ تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِ ذَلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ يۈزۈڭنى ھەق دىنغا ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا قاراتقىنكى، ئۇ ئىنسانلارنى ئاشۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان ھەق دىن بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ئېڭى تۇغۇلۇشتىن باردۇر. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارىسى تۈگىگەن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار پۈتۈن كامالىي ئىخلاس

(1) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەققەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا مَسَّ ٱلإِنسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيباً إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُوٓ إِلَيْهِ مِن قَبْلُ**﴾ يەنى ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ يالۋۇرىدۇ، ئاندىن (ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن) ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ﴾[1].

## باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئېيتقانلىرى

فىرانسىيەنىڭ پەيلاسوپ، شەك مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى دېكارت DESCARTES مۇنداق دېگەن ئىكەن: « مەن ئۆز زاتىمدىكى بىرەر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلغىنىمدا، بارلىق يېتەرسىزلىكلەردىن پاك بولغان كامالەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن ۋە مەندىكى بۇ ھېسنى بارچە ئالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاشۇ كامىل زاتنىڭ قەلبىمگە سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇ زات بولسا ـ ئاللاھتۇر!».

ئامېرىكا مائارىپ بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئا.ك. مورىسون A.K.MORISON «ئىنسان ئۆزى يالغۇز تۇرالمايدۇ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن شەيئىلەر ۋە ھەر شەيئىدىكى مۇكەممەل نىزام ـ سىستېمىلار ئوچۇق گۇۋاھتۇر. بۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس.

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

ئىنسـانىنىڭ يەر يۈزىـدە مەۋجـۇت بولـۇپ تۇرۇشـى ۋە ئۇنىـڭ ئەقىلـدىن ئالغـان سـائادىتىمۇ ئاللاھنىـڭ بىكىـتكەن بىـر نىزامىدۇر».

فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى دۇركېيىم DURKHEIM مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىـر ھەقىقەتتـۇر. چـۈنكى ئىنسـانلار ھەرگىزمـۇ بـۇ دۇنيانىـڭ ياراتقۇچىسـىنى ئويلىماسـتىن ياشـاپ ئۆلمەيـدۇ. تـوغرا، ئىنسـانلار ئاللاھنى ئەقلـى بىـلەن تونۇيالماسـتىن، باشـقا نەرسـىلەرنى ئىـلاھ بىلىـپ چوقۇنغـان بولسـىمۇ، ئـۇلار بـۇ نەرسـىلەرنى ئـاللاھ دەپ بىلىدۇ».

فىرانسىيەلىك مەشـھۇر پەيلاسـوپ برېكسـون BREKSON مۇنـداق دېـگەن ئىـكەن: «دۇنيـادا ئىلىـم - پەن ۋە پەلسەپىسـى بولمىغـان ئىنسـانلار جامائەسـى تېپىلىشـى مـۇمكىن، بىـراق بىـرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلمايدۇ».

ئەرنىـس رىنـان E.R «دىـنلار تـارىخى» نـاملىق ئەسـىرىدە مۇنـداق دەيـدۇ: «دۇنيـادا بىـز ياخشـى كۆرىـدىغان ھەرقانـداق نەرسـە، ھەتتـا ئەقىـل، ئىلىـم - پەن ۋە سـانائەتلەرنى قـولدىنىش ئەركىنلىكىمىزمـۇ يوقىلىـپ كېتىشـى مـۇمكىن، بىـراق دىنىـي ئېتىقادنىـڭ ئىنسـانلار قەلبىـدىن ئۆچـۈرۈلۈپ، يوقىلىـپ كېتىشـى مـۇمكىن ئەمەس. بەلكـى ئـۇ، ئىنسـان تەپەككـۇرىنى زېمىـن ھاياتىـدىكى كىچىككىـنە بىـر دائىـرىگە قىسـقارتىپ قويمـاقچى بولغـان ماتېرىيالىزمچىلارنىـڭ ئىدىيەسـىنىڭ خاتـا ئىكەنلىكىـگە جانلىق دەلىل بولغان ھالدا، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ».

يۇقىرىـدا كەلتـۈرۈلگەن نەقىلـلەر ھەرخىـل ئىلىـم - پەنـلەر ساھەسـىدە ئەتراپلىـق يېتىشـكەن ۋە ئۇنىڭغـا ئىچكىـرلەپ كىرىـپ

ھەقىقەتكە يەتكەن باشقا دىنىدىكى ئالىملارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر.

## ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان

ئۆتمۈشلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ ئاساسلىق دەۋىتى ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى يەككە ـ يېگانە بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى ئاساسلىق نۇقتا قىلغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى، دىندارلارنىڭ ھەق يولدىن ئېزىشى، كىشىلەرنىڭ ھەق دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئوتنى، دەرەخلەرنى، بۇتلارنى ۋە باشقا ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭغا ۋاستە قىلىۋالغانلىقىنى، كېيىنچە، ئۇلارغا رەسمىي تۇردە چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىم بىزگە، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» دەيدۇ﴾[1].

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى رەب ئىكەنلىكىگە

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ئىقرار قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئۇلارنى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى» دەيدۇ﴾[1].

تارىخشۇناسلار يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ دىيانەتسىز ياشىمىغانلىقىنى يەكۈنلىدى. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەر خىل مەبۇدلارغا چوقۇنغانلارمۇ ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلەرنى ياراتقۇچى خالىق دەپ ئاتىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ياراتقۇچى تەڭرىگە ۋاستە بولغۇچى ئىلاھلىرىمىز ياكى كىچىك خۇدالىرىمىز دەپ ئاتايتتى. يېقىنقى زامانلارغىچە، ئافرىقىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە ئۆڭكۈرلەردە، كەپىلەردە ياشاپ كەلگەن، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان ئىنتايىن ۋەھشىي قەۋم «ھوتېنتوت» قەبىلىلىرىمۇ، پۈتۈن ئىلاھلارنىڭ بېشىدا، يالغۇز بىر ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاتىلارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتايتتى.

ئىنسان تۇغرا يولدىن ئېزىپ، قانچىلىك چوڭ خۇراپاتلارغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ ئەقلى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئۇ ئەقلىنى مۇشۇ سەۋەبلەر قانۇنىغا ئەگەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا

[1] زۇخرۇف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

كۆلپەتلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى كارغا كەلمىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىدۇ.

خۇلاسە: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەلىپىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ، ئەقلىنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە كاماللىقىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى يەككە - يېگانە خالىق (ياراتقۇچى) ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك.

# ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى

سوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنىڭ جاۋابى مۇسۇلمانلاردا تەيياردۇر. ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلگەندەك، بارلىق كائىناتنىڭ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ ئىجادكارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا «ئىنسان» دەپ ئاتالغان بۇ مەخلۇقاتنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدۇ.

قېنى ئاللاھ تائالادىن سوراپ باقايلى: ئى ئاللاھ! ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ ئۇنى يېمەك - ئىچمەك ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ياكى زېمىن ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، بىرەر غايە ۋە نىشانسىز ھالدا ئويۇن - تاماشىلار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى يەنە شۇ زېمىننىڭ تېگىگە كۆمۈلۈپ تۈگىشى ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا روھ، ئەقىل ۋە ئىرادە ئاتا قىلغىنىڭنىڭ سىرى نېمە؟

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ بۇ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىپ قۇرئان كەرىمدە، ئىنساننى يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئورۇن باسار قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ: ﴿**وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوٓاْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّيٓ أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ

پەرىشتىلەرگە:«مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن »دېدى. پەرىشتىلەر:« بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەپ، سېنى ئۇلۇغلاپ تۇرساق، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنساننى ئورۇنباسار قىلامسەن؟»دېدى. ئاللاھ«مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن»دېدى ﴾[1].

يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ئىنساننىڭ ئۆز رەببىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ ٱلْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِّتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتقان ۋە يەر يۈزىدىنمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر. ئۇنىڭ ئەمرى بۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر ﴾[2]. ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇللۇق قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم ﴾[3].

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ كائىناتتىكى شەيئىلەر ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلغان كىشى كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ، ئۆزىدىن باشقىسى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە باشقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مەسىلەن:

(1) بەقەرە سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) تالاق سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(3) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

سۇ زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن ئۆسۈملۈكلەر چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكلەر ئىنسانلار ۋە ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھايۋاناتلار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆمۈر سۈرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمدى ئىنسان كىم ئۈچۈن؟

ئىنساننىڭ يۈتۈن كائىناتتىكىلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ يارىتىلغانلىق ھۆرمىتىگە مۇۋاپىق، ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر ئەڭ توغرا جاۋاب شۇكى، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن: ئاللاھنى تونۇش ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت ئىنساننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن.

ئىنسان ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى شەيئىلەردىن ئۇلۇغدۇر. بۇلار قانداقمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىلاھ بولالىسۇن؟! شۇڭا ئىنساننىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، كالا ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرگەنلىكىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن باشقىسى ياراشمايدۇ.

## ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

سوئال: ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككىگە قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، ئەقىل بىلەن ئىلىم، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

### ئەقىلنىڭ رولى

سوئال: ئاللاھ تائالانى ئەقىل ۋە ئىلىم ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقىلنى ئالايلۇق: ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ـ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا بارا ـ بارا ئەقلىنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللەرگە خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە

ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ**﴾ يەنى ﴿ئېيتىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار﴾[1]. بۇ ئايەتتىكى كۆزىتىشتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىرى ۋە كامالىغا يەتكەن سەنئەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لاَ تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلْسَّمْعَ وَٱلأَبْصَارَ وَٱلأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[2]. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن ئىبرەت ئالمىغانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِي ٱلأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لاَ تَعْمَى ٱلأَبْصَارُ وَلَـٰكِن تَعْمَىٰ ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەر يۈزىدە سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان

(1) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

قۇلاقلارغا ئەگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كوردۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئىنساندىكى قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىق ئورگانلارنىڭ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُولَـٰئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً ﴾ يەنى ﴿قۇلاق، كۆز، دىلنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[2].

دېمەك: قۇلاق، كۆز، قەلب قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمەتلىرى كۆپ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغانلىقىدىن، ئاللاھ تائالا بۇ ئەزالارنى قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە يەردە تەكرار بايان قىلغان. چۈنكى ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلايدۇ. كۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ. قەلبى بىلەن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئەزانى ئىشلىتىش پەقەت ئەقىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ئەقىل ئۆز يولىدا ئىشلىتىلگەندىلا، يۇقىرىقى ئۈچ ئەزامۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدۇ.

---

(1) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

## ئەقىل ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ قورالى

ئـاللاھ تائـالانى تونۇشـنىڭ ۋاستىسـى بولغـان «ئەقـىل»نـى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇنـدا، «ئەقـىل ئىگىلىـرى»نـى 10 ئورۇنــدا ماختىغــان. ئـاللاھ تائالانــىڭ بــارلىقى ۋە بىرلىكىنــى كۆرســىتىدىغان كائىنـاتتىكى تۈرلـۈك ئـالامەتلەر بايـان قىلىنغـان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئـاخىرىنى﴿ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴾ يەنى ﴿چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭـدا ئىبـرەتلەر بـار﴾. ﴿ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴾ يەنى ﴿ ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟﴾.﴿ فَـاعْتَبِرُوا يَـا أُولِي الْأَبْصَارِ ﴾ يەنى ﴿ ئىبـرەت ئېلىڭلار ئـى ئەقـىل ئىگىلـىرى!﴾ دېگەنــگە ئوخشــاش جــۈملىلەر بىــلەن تــۈگەتكەن. ئىنســانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتـى ئـونى ئـاللاھ تائالاغـا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بـۇ خــىل تەبــئەت يــاكى قــابىلىيەت يــالغۇز ۋىجــدانلا ئەمەس يــاكى يــالغۇز ئەقىلــلا ئەمەس، بەلكــى ئــۇ ۋىجــدان بىــلەن ئەقىلنىــڭ بىرىكىشــىدۇر. ئەقــىل يــالغۇز ئــۆزىلا ئــاللاھ تائالاغــا ئىمــان كەلتۈرۈشـنى تەبىئـي زۆرۈرىـيەت دەپ بىلىـدۇ. ئىنسـان ئەقلـى شۇنداقكى، ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن يـاكى ئۆگەنمەسـتىن ئەڭ ئـاۋۋال سـەۋەبلەر قانۇنىغـا(يەنى ھـېچ نەرسـىنىڭ سەۋەبسـىز ۋۇجۇدقـا كەلمەيــدىغانلىقىغا ۋە ھەرقانــداق بىــر ســەنئەتنىڭ بىــرەر سـەنئەتكارنىڭ مېھنىتــى ئــارقىلىق بارلىققــا كېلىــدىغانلىقىغا) ئىشــىنىدۇ. سەۋەبســىز بىــرەر شــەيئىنىڭ ۋۇجۇدقــا كېلىشــىگە ئىشــەنمەيدۇ. ئىلىــم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتــتىن يىــراق ياشــىغان سەھرالىق بىر ئادەم ئاللاھ تائـالا توغرۇلـۇق سـورالغىنىدا، سـەۋەبلەر قـانۇنىنى قوللىنىــپ، ئۆزىنىــڭ تۇغمــا قــابىلىيىتى بىــلەن مۇنــداق دەپ جــاۋاب بەرگەن ئىــكەن: « قۇملــۇقتىكى تــۆگە ئىــزى بــۇ جايــدىن تۆگىنىــڭ ئــۆتكەنلىكىنى، ئــۇلاق ئىزلىــرى بــۇ جايــدىن

كارۋانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان، قىتئەلەر ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن ۋە دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان يەككە ـ يېگانە زات ـ ئاللاھقا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟»

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دېگەن ئىبارەت ئەقلىي پىرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پىرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز شۇنداق جەزم قىلىدۇكى، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ بىرەر پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بولغىنىدەك، ئالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر! چۈنكى يوق نەرسە بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ! ﴿ **أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَالِقُون** ﴾ يەنى ﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ياراتقۇچىلارمۇ؟﴾[1].

يولدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلنى يىراقتىن كۆزەتكەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ توختاش ئىشارەتلىرىدە توختاپ، تار كوچىلاردا بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ بەرمەستىن، قائىدە بويىچە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم

(1) تۇر سۈرىسى 35-36- ئايەتلەر.

سالاھىيەتلىك بىر شوپۇرنىڭ بارلىقىنى جەزم قىلىدۇ. چۈنكى ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرسىز يۆرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا پلانېتىلارنىڭ بەلگىلەنگەن سىستېما بويىچە ئىنتىزامچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە پەسىللەرنىڭ بۇ توغرا ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى چوقۇم جەزم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

«ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئەگەر ئاللاھ مەۋجۇت بولمىغان بولسا ئىدى، يۇقىرىقىلارنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

«سەنئەتكارسىز سەنئەت ۋە ئاپتورسىز ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ » دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟!

دېكارت DESKARTES ئۆزىنىڭ شەك مەزھىپىنى پەيدا قىلىپ چىققىنىدىن باشلاپ، ھەر نەرسىگە شەك قىلىدۇ. بۇ شەك ئاخىرى ئۆزىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھېچ شەك قىلالمايدۇ ۋە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق شەك قىلىدىغان بولسام، ئۆزۈم يوق تۇرۇپ قانداقمۇ شەك قىلالايمەن؟ مەن ئويلاشقا ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭ

مەۋجۇت ئىكەنلىكىمدە ھېچ شەك قالمىغان بولدى. ئۇنداقتا، مېنى كىم ياراتتى؟ مېنى بۇ ماددىي كائىنات ياراتتىمۇ؟ ئەگەر مېنى بۇ ئەقىل ئىدراكقا ئىگە بولمىغان بۇ كائىنات ياراتقان بولسا، مەندىكى ئەقىلنى كىم بەردى؟ كائىنات ئۆزىدە بولمىغان ئەقىلنى ماڭا بېرەلەمدۇ؟! بىر نەرسىگە ئىگە بولمىغان كىشى ئۇ نەرسىنى باشقىسىغا قانداق بېرەلىسۇن؟!»

ئۇون سەككىزىنچى يۈز يىلنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ھېرشېل HERSCHELL مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىلىم - پەننىڭ مەيدانى كېڭەيگەنسېرى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك دەلىللەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ».

توغرا، ئىلىم - پەن مەيدانىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ئىنسان ئەقلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئەقىل ئىلىمنىڭ قورالىدۇر! ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىلىم - ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَىٰٓ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا۟ ٱلْأَلْبَـٰبِ**﴾ يەنى ﴿ (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ ﴾[1].

فىرانسىس بىكون F.B. مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئازراق پەلسەپە ئوقۇش كىشىنى دىنسىزلىققا مايىل قىلىدۇ. ئەمما

(1) رەئد سۈرىسى 19- ئايەت.

پەلسەپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئەقلىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ».

بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دارۋىن ۋە ماركسلار ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، پەقەت تەخمىنى خىياللارغىلا ئاساسلانغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدكە يۈز تۇتقان چۈپەي نەزەرىيەلەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىماقتا.

«زامانىمىزدىكى ئالىملار ئىلىم - پەن نامىدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە قارىغاندا زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلدى ۋە ئۇنىڭ مەيدانى كېڭەيدى»[1].

### ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ يولى

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: «سەنئەت - سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېيىلگەن ئەقلىي قائىدىنى ھەركىم ياخشى بىلىدۇ. بىز بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ

(1) نەقىللەر ئۇستاز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللانىڭ »ئىلىم ۋە ئىمان« ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۈيۈمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋەھاكازالار ...

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات ـ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى..... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك تۆمۈرلەرگە ۋە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە كېسىدىغان ھۈنەرگە ئىگە ۋە ئۇنى چىرايلىق قۇراشتۇرۇپ ئاپتوموبىل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودىسىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا

ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن ھەر تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇندىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ ماتورىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ چىراغلىرىغىچە بولغان ھەر بىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودىسى، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئاددىي بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان شەيئىلىرىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

كائىناتتىكى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىك سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئــاللاھ تائالانىــڭ دۇئــالارنى ئىجــابەت قىلغىنىــى، ھەتتــا قۇرغــاقچىلىقتىن ئىستىسقا(سـۇ سـوراش)نامىزى ئوقـۇپ ئـاللاھ تائــالادىن سـۇ تىلىگەنــلەرگە يــامغۇر ياغــدۇرۇپ بەرگىنىــدىن، ئۇنىــڭ ھەر قانــداق دۇئــا ۋە مۇناجــاتلارنى ئــاڭلاپ تۇرىــدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالـدۇرارلىق گـۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئـاللاھ تائالانىـڭ شـەيئىلەرنى خالىغـانچە ھەرخىـل گـــۈزەل شـــەكىللەردە يارىتىشـــقا قـــادىر ئىكەنلىـــك ســـۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھايــاتىمىزدا بىــرەر يــاكى كــۆپ قېتىم ئۆلۈمنىــڭ تۇمشــۇقىغا كېلىــــپ قــــالغىنىمىزدا، ئۇنىڭــــدىن ئامــــان قــــالغىنىمىزنى ئــــويلىغىنىمىزدا، ئــــاللاھ تائالانىــــڭ خەۋپ - خەتەرلەردىــــن ساقلىغۇچى ئىكەنلىك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھېچقانــداق كېســەللىك تارتماســتىن يــاكى بىــرەر ۋەقەگە ئۇچرىماســتىن ياتقــان يېرىــدىلا ئۆلــۈپ كەتــكەن بىراۋنــى كــۆرگىنىمىزدە، ئــاللاھ تائالانىــڭ ئۆلتۈرۈشــكە قــادىر ئىكەنلىــك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ئـاللاھ تائالانىـڭ قۇرغـاقچىلىقتىن ئـۆلگەن زېمىننـى، يـامغۇر بىــلەن قايتــا ياشــارتىپ تىرىلــدۈرگىنىنى كــۆرگىنىمىزدە، ئۇنىــڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

مۇنــدىن باشــقا، كائىنــاتتىكى ھەر بىــر مەخلۇقــات ئۈســتىدە پىكىــر يۈرگــۈزگىنىمىزدە، ئــاللاھ تائالانىــڭ كــۆپلىگەن ئــالىي سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالا تائالا مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ إِنَّ فِي ٱلسَّـــمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ

لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ. وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ. وَٱخْتِلَافِ ٱللَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِّن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. تِلْكَ آيَاتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ ٱللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ ﴾ يەنى ﴿ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ) يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ھەقىقەتكە) چىن ئىشەنگەن بىر قەۋم ئۈچۈن ئىبرەتلىك ئالامەتلەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن رىزىقتا(يامغۇردا) ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار. ئەنە شۇلار ـ ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىرىمىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ ﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى تونۇغىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: تەپەككۇر ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئاپتوموبىل توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، مەزكۇر ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلنى ياساپ چىقىشتىكى ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە بۇ ساھەدە يېتىشكەن ئىنژېنېر ئىكەنلىكىگە ئوخشىغان بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ

---

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

بويى ئېگىزمۇ ياكى پاكارمۇ، ئۇ مەرتىمۇ ياكى بېخىلمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ ۋە باشقا سۈپەتلىرىنى بىلەلمىگىنىمىزگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى سەنئەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بارچە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلەلمەيمىز.

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەنمۇ بىلەلمىگەن سۈپەتلىرىنى قانداق بىلىمىز؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: ئاللاھ تائالانىڭ جەمئىي 99 ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئۇنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزگەن ھەرقانداق ئادەم، ئاللاھ تائالانىڭ بارچە كامالەتلەرگە ئىگە، نەقەدەر كاتتا ۋە ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

### ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن تونۇغىلى بولىدۇ

سوئال: ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن

(1) ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندا بەش ھېسسىي ئەزا بولۇپ، كائىناتتىكى بەزى ماددىي شەيئىلەرنى شۇ ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىدۇ، مەسىلەن: ئىنسان كۆزى بىلەن شەيئىلەرنى كۆرۈپ بىلىدۇ، قۇلقى بىلەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بىلىدۇ، قولى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ بىلىدۇ، بۇرنى بىلەن ھىدىنى پۇراپ بىلىدۇ ۋە تىلى بىلەن تەمىنى تېتىپ بىلىدۇ. ئىنسان بۇ بەش ھېسسىي ئەزاسى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق ئاڭلاپ بىلىدۇ. مەسىلەن: مەككىنى كۆرمىگەن كىشىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق مەككىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بارلىقىغا ھېچ شەك قىلمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ھېچ شەك قىلمايمىز. ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى يوق دەپ ئىنكار قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. مەسىلەن: رادىيو دولقۇنلىرى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا بار، ئەمما رادىيو بولمىسا ئۇنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. توك سىمدا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت لامپۇچكىنى ئۇنىڭغا چاتقاندىلا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇنيادا ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلگىلى ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن شەيئىلەر بار. ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دۇنيادىكى ماددىي شەيئىلەرنىڭ پەقەت 3.5% نىلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ۋە قالغان 96.5% نى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھاۋادىن ھەر ئاندا نەپەس ئېلىپ تۇرىمىز. لېكىن ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلەلمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش،

ئىنسان ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق پەقەت بەزى ماددىي شەيئىلەرنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا، ئىنساننىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبتىن، ئاللاھ تائالانى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق تونۇيدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان، ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر. مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھ تائالانى تەرىپلەپ بېرىشنى سورىغاندا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ. ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ** ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بار بولغان يالغۇز ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ كامالىي سۈپەتلىرى بىلەن ھەمىشە سۈپەتلىنىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك.

---

(1) ئىخلاس سۈرىسى.

# ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرى

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن كامالىي سۈپەتلىرى بار.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. تۆۋەندە، بىزنىڭ تەپسىلىي بىلىپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر بولغان سەككىز سۈپەتنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

1. حَيٌّ (ھەمىشە تىرىك بولغۇچى)

2. عَالِمٌ (ھەممىنى بىلگۈچى ئالىم)

3. قَادِرٌ (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان قادىر)

4. مُرِيدٌ (ئىرادە قىلغۇچى)

5. مُكَوِّنٌ (ئىجاد قىلغۇچى)

6. مُتَكَلِّمٌ ( سۆزلىگۈچى)

7. سَمِيعٌ ( ئاڭلىغۇچى )

8. بَصِيرٌ (كۆرگۈچى)

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ تىرىك ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن تىرىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىز

ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ تىرىكلىكى جان ۋە جىسىم بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُ** ﴾ يەنى ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئالىم ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشى ئەقىل ۋە زېھىن بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَهُوَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۇ، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا غالىب كېلەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر﴾[3].

---

(1) بەرقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادە قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسى بولۇپ، ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىسىز ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن سۆزلىگۈچى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىشى تىل ۋە ئېغىز بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكْلِيمًا** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇساغا سۆز قىلدى﴾[2].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىدۇر. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى ۋە ئىجاد قىلىشى بىلەن پەيدا بولغاندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **ٱللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ** ﴾ يەنى

---

(1) بۇرۇج سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى 164 ـ ئايەت.

﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلىغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەر قانداق ئاۋازلارنى، دۇئالارنى ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كۆرگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَٱللَّهُ بَصِيرٌ بِٱلْعِبَادِ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بەندىلىرىنى (ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

## ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى15 ـ ئايەت.

ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەب ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش. ﴿ **ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ** ﴾ يەنى ﴿ ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇنىداقتا، ئۇنىڭغىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىنى قوغداپ تۇرغۇچىدۇر ﴾[1].

3. ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ، بىرلا ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش. ﴿ **وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ** ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئاللاھ

(1) ئەنئام سۈرىسى 102ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

تائالانىڭ ئالىي ماقامىغا لايىق ھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا وَذَرُوا۟ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ أَسْمَٰٓئِهِۦ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئۇنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن مەقسەت نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئەقىل، ساپ تەبىئەت ۋە ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇپ، ئىنسان بولۇپ يارىتىلغانلىق بۇرچىنى ئۆتەش ئارقىلىق، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ـ ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت

---

(1) ئەئراق سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

(1) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

## ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەت ـ تىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَالَمِينَ**﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾[1].

### ئىبادەتنىڭ دائىرىسى

سوئال: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىبادەت بىرىنچىدىن، بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ۋە ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىبادەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 162 ـ ئايەت.

سورالغىنىدا، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئىبادەت ــ ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ناماز ئوقۇماق، روزا تۇتماق، زاكات بەرمەك، ھەج قىلماق، راست سۆزلىمەك، ئامانەتنى ئادا قىلماق، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلماق، تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلماق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلماق، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلماق، بىلىم ئالماق، قوشنىلارغا، يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلماق، دۇئا قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلماق، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلماق، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئازابىدىن ھەزەر قىلماق، بالا ـ قازاغا رازى بولماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ ». خۇلاسە قىلغاندا، دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر.

2. ئىبادەتنىڭ ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىبادەت ـ ئەدناسى ئادەتتىكى يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قائىدىلىرىدىن باشلاپ، يۇقىرىسى دۆلەت سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن قائىدە ـ تەرتىپلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر توغرا نىيەت بىلەن مۇسۇلماندىن سادىر بولغانىكەن، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىرلا سۆرە بەقەرەدە مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان قىساس،

ۋەسسىيەت، روزا، نامــاز، جىھــاد قاتــارلىق ئوخشــاش بولمىغــان ئىبادەتلەرنىڭ «سىلەرگە پەرز قىلىنـدى» دېگەن بىرخىل ئىبارە بىلەن بايـان قىلىنغانلىقـدىن شـۇ ھەقىـقەت ئاشـكارا بولىـدۇكى، كـۆپلىگەن مۇسـۇلمانلار ئىبــادەت سـۆزىدىن پەقەت نامــاز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتـارلىق بەش چـوڭ ئىبـادەتنىلا چۈشـىنىدۇ. ئـۇلار ئىبادەتنىڭ ئەخلاق، قائىـدە ـ يوسۇن، مۇئـامىلە ئىشـلىرى، قـانۇن ـ پىرىنسـىپ ۋە باشـقىلارنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدىغانلىقىنى ھـېس قىلمايدۇ. ئىبادەت ھەرگىـز يـۇقىرىقى بەش چـوڭ ئىبـادەت بىلەنـلا چەكلىنىــپ قالمايــدۇ. ئـۇلارنىلا بەجـا كەلتـۈرگەن كىشـى ئـاللاھ تائـالا بويرۇغـان ئىبادەتلەرنـىڭ ھەممىنـى ئـادا قىلغـان بولمايـدۇ. بەلكــى بــۇ بەش چــوڭ ئىبــادەت، ئىســلامنىڭ قۇرۇلۇشــىدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئـۇلار ئـاللاھ تائـالا بويرۇغـان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس!

3. ئىبادەتنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىچكـى ۋە تاشـقى پائالىيەتلىرىنىـڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىسـلام دىنىـدىكى ئىبـادەتلەر دىنىنـىڭ ۋە تۇرمۇشـىنىڭ ھەمـمە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانـدەك، ئىنسـانىنىڭ ئىچكـى ۋە تاشـقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. مۇسـۇلمان كىشـى ئـاللاھ تائالاغـا تەپەككـۇر قىلىـش بىـلەن، قەلبـى بىـلەن، قـولىقى بىلەن، كـۆزى بىـلەن (باشـقا ھېسسـىي ئەزالـىرى بىـلەن)، پۈتـۈن بەدىنى بىلەن، پۇل ـ مېلى بىـلەن، جېنىنـى پىـدا قىلىـش بىـلەن، يۇرتىـدىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ.

## ئىبادەت قىلىش يوللىرى

1. تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش

تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى، ئىنسانىنىڭ ئۆز زاتىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرەتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى تونۇش دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِي ٱلأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ * وَفِيٓ أَنفُسِكُمْ أَفَلاَ تُبْصِرُونَ ﴾ يەنى ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر سائەتلىك تەپەككۇر بىر كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر».

2. قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش

قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، بالا ـ قازاغا سەبىر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ

---

(1) زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

ئىبادەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿**وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعْبُدُواْ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار پەقەت ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا، ئىبادەتنى خالىس ئاللاھقىلا قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[1].

3. تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش

تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش (ئۇنى مەدھىيەلەش )، ئۇنىڭغا تەسبىھ (ئاللاھنىڭ نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش، دۇئا قىلىش، تەكبىر (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەش)، تەھلىل (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىنى، ئۇنىڭ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ ٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكْراً كَثِيراً وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلاً** ﴾يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾[2].

4. بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش

بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ بەدەنىنىڭ ھەرىكىتى ياكى بەدەنىنىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا روزا تۇتقاندا بەدەنىنىڭ لەززەتلىرى ۋە نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ۋازكەچكەنگە، ناماز ئوقۇغاندا پۈتۈن بەدەنىنىڭ ئىشتىراك قىلغىنىغا ۋە ھەج قىلغاندا بەدەنىنىڭ يول ۋە

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

(2) ئەھزاب سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

ئىسسىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرگىنىگە ئوخشاش ئىبادەتلەردۇر. بۇ يەردىكى «بەدەن» دىن مەقسەت، ئىنساننىڭ ماددىي جىسىملار بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەقلى، تىلى، قەلبى ۋە باشقا ئورگانلىرىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ۋۇجۇدى دېمەكتۇر.

5. پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش

پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ زاكات، سەدىقە بېرىش ، هاجەتمەنلەرگە خەير ـ ئېهسان قىلىش، ئىلىم تەهسىل قىلىش ۋە هەج ـ ئۆمرە ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

6. جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ئاللاهنىڭ يولىدا جىهاد قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە هەقىقەتنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿**إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَـٰئِكَ هُمُ ٱلصَّادِقُونَ**﴾ يەنى ﴿شۈبهىسىزكى، هەقىقىي مۆمىنلەر ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاهنىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر﴾[1].

7. ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ جىهاد، هەج ـ ئۆمرە ۋە ئىلىم تەهسىل قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىش

(1) هۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

دېمەكتـۇر. بـۇ ھەقـتە ئـاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ وَمَـا كَـانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴾يەنـى ﴿ ئۇلارنىـڭ ھەربىـر جامائەسـىدىن بىـر تۈركۈمى(جىھادقـا چىقىـپ،) يەنە بىر تۈركۈمى قەۋمىگە قايتىپ كەلگەنـدە، (يامـان ئىشـلاردىن) ھەزەر قىلىـشى ئـۈچۈن دەپ ئـۇلارنى ئاگاھلانـدۇرۇش مەقسـىتىدە دىنـدا ئـالىم بولـۇش ئۈچـۈن ئوقۇشـقا ئاتلانسـا بولمامـدۇ؟﴾[1]. يەنـى، ئىلىـم تەھسـىل قىلىـش ئۈچـۈن چىقىـش پۈتـۈن مۇسـۇلمانلارنىڭ ئۈسـتىدە پەرز كۇپـايە بولـۇپ، بىـر تۈركـۇم كىشـىلەرنىڭ ئـونى ئورۇنلىشى بىلەن بۇ پەرز ئادا تاپىدۇ[2].

### ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىرى

سوئال: ئاللاھ تائالاغا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟

جـاۋاب: بەنـدىلەرنىڭ قىلغـان ئىبادەتلىرىـدىن ئـاللاھ تائالاغـا ھېچبىــر پايــدا يەتمەيــدۇ. ئىبــادەتتىن يــۈز ئۆرۈگەنلەرنىــڭ ئاســىيلىقلىرىدىنمۇ، ئــاللاھ تائالاغــا ھېچبىــر زىيــان يەتمەيــدۇ. چــۈنكى ئــاللاھ تائــالا پۈتــۈن مەخلۇقــاتلاردىن ۋە ئۇلارنىــڭ ئىبادەتلىرىـدىن بىھـاجەتتۇر . ھەممـە ئـاللاھ تائالاغـا موھتاجـدۇر. ئـاللاھ تائـالا شـۇنداق ھېكمەتلىـك ئىـش قىلغـۇچى زاتكـى، ئـۇ ئىنسانلارنى پايدىسىز ۋە ھېكمەتسىـز ئىشـلارغا بۇيرۇمايـدۇ، بەلكـى ئۇلارنىــڭ ئــۆزلىرى ئۈچــۈن ياخشــىلىق ۋە پايــدىلىق بولــدىغان ئىشــــلارغىلا بۇيرۇيــــدۇ. ئىبادەتلەرنىــــڭ پايدىســــىمۇ پەقەت

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

(2) دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ« ئىسلامدا ئىبادەت» ناملىق كىتابىدىن.

ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر!

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزنىڭ يۇقىرىقى سوئاللىرىمىزغا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: ﴿**هَـٰذَا مِن فَضْلِ رَبِّي لِيَبْلُوَنِي أَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ**﴾ يەنى ﴿بۇ رەببىمنىڭ پەزلى-كەرەمى بولۇپ، شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىناش ئۈچۈندۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (شۇنى بىلسۇنكى) رەببىمنىڭ ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوقتۇر، ئۇ كۆپ ئاتا-ئېھسان ئىگىسىدۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ**﴾ يەنى ﴿بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەتنى ئاتا قىلدۇق (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (شۇنى بىلسۇنكى،) ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر﴾[2].

سوئال: ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇلار كۆرسەتكەن بويىچە ئىبادەت قىلىش كېرەك. ئاللاھ

---

(1) نەمل سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) لوقمان سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓاْ أَعْمَالَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى (ئاسىيلىق قىلىش بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەمەلىنى بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر»[2].

## ئىبادەت قىلىش پىرىنسىپى

سوئال: ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن سىستېمىسى قايسى؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن سىستېمىسى - ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئېھسان تەرىقىسىدە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلىنغان ئىبادەتلا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ.

سوئال: ئېھسان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېھسان - ئەمەل - ئىبادەتلەرنى، خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان - خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت

---

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1].

سوئال: ئىخلاس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىخلاس ـ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى رىيا (كىشىلەرگە كۆرسىتىش) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. ئاللاھ تائالا ئىخلاس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **فَٱعْبُدِ ٱللَّهَ مُخْلِصاً لَّهُ ٱلدِّينِ** ﴾ يەنى ﴿ دىنىڭنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھالدا، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن﴾[2].

ھەرقانداق ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى پەقەت ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتكە باغلىقتۇر. چۈنكى ئىبادەت دېگەن ـ ئىنساننىڭ بەدىنىگە ياكى تاشقى قىياپىتىگە قارىتىلغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلب يۈكسەكلىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان رازىمەنلىك ۋە سەمىمىيەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىخلاس ۋە مۇھەببەتتە بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پەقەتلا پايدىسىز پائالىيەتلەردىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. بۇنداق پائالىيەتلەردىن ئاللاھ تائالا بىھاجەتتۇر ، ئەلۋەتتە. خۇددى ساختا پۇلنىڭ بانكىدا ئۆتمىگىنىدەك، ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىمۇ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ.

سوئال: نىيەت دېگەن نېمە؟

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) زۇمەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

جاۋاب: نىيەت ـ دىلدىكى مەقسەت دېمەكتۇر. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»(1).

كىمكى ھاياتىنىڭ غايىسىنى ـ ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئورۇنباسارلىق سۈپىتى بىلەن ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت، ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم﴾ دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى بىر قانچە مىنۇتلار ئىچىدىلا ئادا قىلىنىدىغان كۈندىلىك ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتىكى يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دېمەك كەم ـ زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىرەر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژېنېر ئۇ زاۋۇتتىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مەھسۇلاتلارنى كۆزلىمەستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەمىشە ئىشلەپچىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزلەيدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى ـ ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى ـ يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، ئىنسانىنىڭمۇ ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا ياراملىق بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ»[1].

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتى ئاللاھ تائالادىن قەتئىي ئايرىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئادا قىلىش، غايىسى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش، ئۇنىڭ دەلىلى قۇرئان بىلەن ھەدىستۇر.

## ئېتىقاد قەلبنىڭ، ئەمەل بەدەننىڭ ئىشى

سوئال: كىشىلەرنىڭ «دىن قەلبىمىزدە» دېگەن دەۋا بىلەن ئەمەل قىلماسلىقى توغرىمۇ؟

جاۋاب: بۇ سۆز بەزى كىشىلەرنىڭ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان

(1) ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش مەقستى بىلەن ئىپتىسپ كەلگەن بىمەنە سۆزدۇر. مەلۇمكى، دىن ـ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىدە مەسىلىلىرى قەلبتە بولسىمۇ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، مۇئامىلاتلار ۋە باشقا ئەمەللەر قەلب بىلەن بەدەننىڭ بىردەك ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دىن ـ ئەقىدە بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ـ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ـ دىن دېمەك ـ ئەمەل ـ ئىبادەت دېمەكتۇر.

«دىن قەلبىمىزدە» دېگۈچىلەرنىڭ بۇ دەۋاسى راست بولىدىغان بولسا، قەلبتىكى دىننىڭ ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ تاشقى پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتكەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ، تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ، بۇزۇلىدىكەن، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ، قەلبتۇر»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىگە كۆرە، قەلبى تۈزۈك بولغان كىشىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ تۈزۈك، قەلبى بۇزۇق كىشىنىڭ ئىشلىرىمۇ بۇزۇق بولىدۇ. بىراۋنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى ۋە قىلىقلىرىدىكى ئىسلىلىك ياكى ناچارلىق ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىسىللىكى ياكى ناچارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سوئال: ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا ئىبادەت تەۋھىد بولۇپ،

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تەۋھىد پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. «تەۋھىد» سىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل بولمايدۇ. تەۋھىدنىڭ ئەكسى شېرىكتۇر.

# تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئاللاھ تائالانى بىر بىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر.

سوئال: تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تەۋھىد رۇبۇبىيە.

2. تەۋھىد ئۇبۇدىيە (ئۇلۇھىيە).

3. تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات.

سوئال: تەۋھىد رۇبۇبىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد رۇبۇبىيە ـ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بىرلا ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **ٱللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممە نەرسىنى قوغداپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]

سوئال: تەۋھىد ئۇلۇھىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۇلۇھىيە ـ ئەمەل، ئىبادەتلەرنى بىر ئاللاھقىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان سۆزىدە، ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ **إِنَّنِيٓ أَنَا**

(1) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعْبُدْنِي﴾ يەنى ﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن. مەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلغىن﴾[1].

سوئال: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات ـ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانى ھېچ بىر شەيئىگە ئوخشاتماسلىق دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾ يەنى ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾[2].

سوئال: تەۋھىدنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىدنىڭ پايدىسى ـ بۇ دۇنيادا توغرا يول تېپىش، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەتكە كىرىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُمْ مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿ قورقماسلىق( ۋە خاتىرجەملىك) ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا ھەقسىزلىقنى(شېرىكنى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە خاستۇر. ئەنە شۇلار توغرا يولنى تاپقانلاردۇر﴾[3].

(1) تاھا سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

سوئال: تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئىمان ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن تەۋھىدكە چاقىرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋىتىمۇ پەقەت كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلاَّ نُوحِيٓ إِلَيْهِ أَنَّهُ لآ إِلَـٰهَ إِلاَّ أَنَاْ فَٱعْبُدُونِ ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق ﴾[1].

تەۋھىدسىز ئېيتىلغان ئىمان ۋە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ!

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

## شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ چوڭ گۇناھ ـ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

سوئال: شېرىك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شېرىك ـ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھ تائالاغا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر. شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

سوئال: شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى چوڭ شېرىك، يەنە بىرى، كىچىك شېرىكتىن ئىبارەتتۇر.

### چوڭ شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: چوڭ شېرىكنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: چوڭ شېرىكنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھ تائالادىن باشقىمۇ بەزى باشقۇرغۇچىلار بار، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى، قۇتۇبلارنى كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىش-پائالىيىتىگە شېرىك قىلىپ، قوشۇۋالغانلىقتۇر.

2. مەخلۇقاتنى ياكى ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭغا خاس سۈپەتلەرگە ئوخشىتىش. مەسىلەن: ئاتالمىش

ئەۋلىيالار، قۇتۇپلار، پالچىلار ۋە رەمچىلەر، سېھىرگەرلەر ئاللاھ تائالادىن باشقىلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى (غايىبنى) بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل شېرىك ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى غەيبلەرنى بىلىش ئاللاھقا خاس سۈپەت. ﴿**وَعِندَهُ مَفَاتِحُ ٱلْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَآ إِلاَّ هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلاَّ يَعْلَمُهَا وَلاَ حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ ٱلأَرْضِ وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ**﴾ يەنى ﴿غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمى سىرتىدا بىرەر ياپراقمۇ تۆكۈلمەيدۇ. مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

3. ئۆلۈكلەرنى ـ مەيلى ئۇلار پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن، ـ كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: مازاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالار ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، مۇسۇلمانلىقنىڭ ﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز﴾ دېگەن ئاساسىي پىرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە،

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

ئۆلۈكلەردىن نەرسە سوراشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۇلارنى شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ: ﴿ **إِن تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُواْ دُعَآءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُواْ مَا ٱسْتَجَابُواْ لَكُمْ وَيَوْمَ ٱلْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ** ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1].

ئەسكەرتىش: ئاۋام خەلقنىڭ ئىغىزىدا كۆپ تارقالغان «يا پىرىم!» ياكى «مەدەت يا پىرىم!» دېگەن سۆزلەر شېرىك ۋە كۇفرى سۆزلەردۇر. كىشىلەر دەۋاتقان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، بىلمەي ئىغىزلىرىدىن چىقىرىدۇ. «مەدەت» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «ياردەم سورايمەن» دېگەنلىكتۇر ، «يا پىرىم» دېگەن سۆزدىكى »يا« ئەرەب تىلىدا «مەدەت ۋە ياردەم سورايمەن» دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بىراۋدىن مەدەت سوريۋاتقانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇنداق كۇفرى سۆزنى ئېيتىشتىن ساقلىنىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئورنىغا «مەدەت يا ئاللاھ!» دېيىش تولىمۇ توغرا مۇناجات ۋە ئىبسل دۇئادۇر.

4. دەل-دەرەخلەردىن، مازارلاردىن ۋە مازارلارغا ئىسلغان تۇغ-ئەلەملەردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇلاردىن كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، پەرزەنت ۋە بەرىكەت تىلەش. بۇ خىل شېرىك ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «دۇئا -

(1) فاتىر سۈرىسى 14 - ئايەت.

ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، يەنى ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلارنىڭ ۋە مازاردىكى ئاتالمىش ئۇلۇغلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز، دېگەن ئېتىقاد بىلەن، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مازارلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئاتاپ مال كېسىش. چۈنكى قۇربانلىق ـ ئىبادەت بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ ﴾ يەنى ﴿رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن»﴾ [2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!» [3].

6. سېھىرگەرلىك قىلىش. سېھىرگەرلىك ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار شەكسىز كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَـٰكِنَّ ٱلشَّيَاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ ﴾ يەنى ﴿سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى﴾ [4]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلىك قىلىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىغان ۋە

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) كەۋسەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) بەقەرە سۈرىسى102 ـ ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە ھالاكەتتىن قېچىڭلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش...» [1].

7. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش. چۈنكى قەسەم ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقىلىدىغان بىر زاتنىڭ نامىنى ئاتاش ئارقىلىق، بىرەر ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر مەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسام، نامى ئاتالغان بۇ زات مېنى ئۇرسۇن» دېگەنلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغلۇقنىڭ يېگانە ئىگىسى، قىلمىشلارغا يېتەرلىك جازا بەرگۈچى ۋە ئازابىدىن قورقۇشقا تېگىشلىك زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغۇچى، ئۇنىڭغىلا خاس بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە قىلمىشلارغا جازا بېرىشتەك ئالىي سۈپەتلەرگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغان بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[2].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ مۇشرىك ۋە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ»[3].

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم شېرىك ۋە كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، ئۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەسەم ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا قىلىنىدۇ. قەسەمنىڭ ئىبارىلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: واللهِ (ۋەللاھى) تاللهِ (تەللاھى) ۋە باللهِ (بىللاھى) دىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ «مېنى نان ئۇرسۇن»، «ئۇنداق بولۇپ كېتەي، مۇنداق بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى قەسەمگە ياتمايدۇ.

ئەمما كىشى قەسەم قىلدىم دەپ: «مەن كاپىر بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە قەسىمدە يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىسلام مىللىتىنىڭ غەيرى بىلەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەسەم قىلغۇچى قەسىمدە، ئەگەر ئىش شۇنداق بولمىغان بولسا، مەن «كاپىر بولۇپ كېتەي» ياكى «يەھۇدىي بولۇپ كېتەي» ياكى «خىرىستىيان بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە شۇ قەسىمدە يالغانغا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. يەنى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەسىمدە، "مەن ئىسلامدىن چىقىپ كېتەي" دەيدىكەن، ئەگەر ئۇ يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۆزى دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر راست ئىشقا شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلىقىغا سالامەت قايتالمايدۇ»[2].

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

8. ئەۋلىيالار، پىرلەر ۋە مازار ــ ماشايىخلارغا ئاللاھ تائالاغا ئەقىدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىش، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانى سۆيگەندەك سۆيۈش، ئۇلاردىن ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇش.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبّاً للَّهِ**﴾ يەنى ﴿بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنى مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى، ئاللاھ تائالانى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتۇپ، ئەقىدە قىلىشنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىغان. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن خۇددى ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇشمۇ شېرىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

9. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى تەبىئىي سەۋەبلەرنىڭ سىرتىدا كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش. چۈنكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمنىڭ ھاجىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا راۋا قىلغۇچى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

(1) بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ:﴿ أَمَّن يُجِيبُ ٱلْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَآءَ ٱلْأَرْضِ أَإِلَـٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ ﴾ يەنى ﴿بىشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر تولىمۇ ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴾[1].﴿ وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدُيرٌ ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇچاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2].

چوڭ شېرىك تۈرلىرىدىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان پۈتۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، پەقەت شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكتىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، قايتا ئىمان ئېيتىشى ۋە گۇناھلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالا خالىسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ ٱللَّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً ﴾ يەنى

(1) نەمل سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى17ـ ئايەت.

﴿ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ [1] ، ﴿ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾[2].

سوئال: كىچىك شېرىك ئەمەللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كىچىك شېرىك ئەمەللىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ئۆلۈكلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە مازارلارنى زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش. چۈنكى مازارلار پەقەت ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈنلا زىيارەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن زىيارەت قىلىنمايدۇ. كەئبىدىن باشقا جاي تاۋاپ قىلىنمايدۇ. ﴿ **وَلْيَطَّوَّفُواْ بِٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ** ﴾ يەنى ﴿ (ھاجىلار) قەدىمى بەيت (كەئبىنى) تاۋاپ قىلسۇن﴾ [3]
.

2. رىيا، يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلماستىن، باشقىلارغا كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن قىلىش. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش ، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش

(1) نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى65ـ ئايەت.
(3) ھەج سۈرىسى 29 ئايەت.

سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشقۇچىلارنىڭ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مىنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، ئاللاھقا ئەڭ كىچىك شېرىكنىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشۇڭلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ، رىيادۇر»[1]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَآءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلاَ يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا**﴾ يەنى ﴿كىمكى، رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (يەنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[2]

3. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا بويسۇنۇش. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، باشقىلارغا بويسۇنغۇچىلار ئۇلارنى بويسۇنغان كىشىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى كۆرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا بەندىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ»[3] دېگەن.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى سادىر قىلغان ئادەم گۇناھكار بولسىمۇ، ئىماندىن چىقمايدۇ، باشقا ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

سوئال: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغان ئىشلارنى قىلغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغان

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، قايتا ئىمان ئېيتىش ۋە گۇناھلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىشتىن باشقا يول يوق. شۇنداق قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا خالىسا كەچۈرىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

## دەم سېلىش ۋە تۇمار ئېسىش مەسىلىسى

سوئال: دەم سېلىش شېرىككە كىرەمدۇ؟

جاۋاب : دەم سېلىشنىڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغانلىرىمۇ ۋە كىرمەيدىغانلىرىمۇ بار. بۇ مۇنداق:

1. كېسەللەرگە، ھەتتا ساق-سالامەت كىشىلەرگىمۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئوقۇش بىلەن بولىدىغان دەم سېلىش بولۇپ، بۇ جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ دەم سالغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بۇ خىلدىكى دەم سېلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز جاھىلىيەتتە دەم سالاتتۇق. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: يارەسۇلۇللاھ! دەم سېلىشقا نېمە دەيسىز؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ـ ئاۋۋال قانداق دەم سالىدىغانلىقىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، دەم سېلىش ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان نەرسىلەردىن خالىي بولسىلا جائىز بولغان بولىدۇ ـ دېدى»[1] .

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

فەتھۇلمەجىد ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسلام ئالىملىرى ئۈچ شەرت بىلەن دەم سېلىشنى جائىز كۆردى: بىرىنچىسى، دەم سېلىشتا پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىلا ئوقۇلۇشى، ئىككىنچىسى، سېلىنغان دەمنىڭ ئەرەب تىلىدا بولۇپ، مەنىسى چۈشىنىشلىك بولۇشى، ئۈچىنچىسى، دەم ئۆزلۈكىدىن تەسىر قىلماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا تەسىر قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت»[1] .

دەم سېلىشنىڭ ئۇسۇلى ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى ئوقۇپ، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا سۈفلەش ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچكۈزۈش ياكى ئېچىشتۇر.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ياكى جىنلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاش ياكى مەنىسى چۈشىنىكسىز تىلسىملارنى ئوقۇش بىلەن دەم سېلىش بولۇپ، مۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## تۇمار ئېسىش

تۇمار ئېسىش، يېزىش ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىش شېرىك ئەمەللىرىدىن بولۇپ، جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[2] دېگەن.

تۇمار ئېسىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنىڭ بەزى دەلىللىرى

(1) فەتھۇلمەجىد 135ـ بەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى،« سەھىھ» ھەدىس.

تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇمار ئېسىشنى شېرىكتىن سانىغان. شېرىك ئىنتايىن خەتەرلىك گۇناھ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى تەرك ئېتىش زۆرۈر.

2. خۇراپاتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىمدۇر. بۇ ئىشلار بارا ـ بارا شېرىك ئىشلارغا يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە يېزىش ھارامدۇر.

3. تۇمار ئاسقانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇماردىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىغانلىقتىن گۇناھكار بولىدۇ.

سوئال: تۇمار ئاسماستىنمۇ بالايى ـ قازالاردىن ساقلىنىش چارىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. تۇمار ئېسىشقا ھاجەت بولماستىنمۇ، بالا ـ قازالاردىن ۋە يامان كۆز، يامان تىللارنىڭ، ھەسەتخورلارنىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ياخشى چارىلىرى بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ: ‹يارەسۇلۇللاھ! مېنى كېچە ئېلان چېقىۋالدى› دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئەگەر سەن ئاخشام ياتىدىغان ۋاقتىڭدا: ﴿ **أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ** ﴾ يەنى﴿ (ئاللاھقا سېغىنىپ مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېگەن بولسا ئىدىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيان ــ زەخمەت يەتمىگەن بولاتتى› دېدى﴾[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە، ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىپ: «سىلەر ئاخشاملىرى يېتىشتىن بۇرۇن:﴿**أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ**﴾ يەنى«ئاللاھقا سىغىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن ۋە مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن) دەڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، بالا - قازالاردىن ساقلىنىسىلەر» دەپ كۆرسەتكەن[1] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى ياتاق جايىغا بارغىنىدا، ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاچقىنىچە، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئالقانلىرىغا سۈفلەپ بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن سىلاپ چىقاتتى، سىلاشنى ئاۋۋال بېشى بىلەن يۈزىدىن باشلايتتى ۋە ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن سىلايتتى»[2] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بەدىنىدە بىرەر راھەتسىزلىك ھېس قىلغىنىدا، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى سىلاپ چىقىش بىلەن دەم سالاتتى. ئاغرىقى قاتتىق بولغان چاغلاردا، مەزكۇر سۈرىلەرنى مەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن (يەنى قولىنى تۇتقان ھالدا، ئۆز قولى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەن) بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاپ چىقاتتىم»[1] .

سوئال: شېرىكنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: شېرىكنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇلاردىن:

1. شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى شۇكى، ئۇ ـ شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ جەننەتتىن مەھرۇم بولۇشىغا، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُۥ مَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ ٱلْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ ٱلنَّارُ﴾ يەنى ﴿كىمكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[2] .

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ پۈتۈن ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَوْ أَشْرَكُوا۟ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾[3] .

3. شېرىك ــ ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتلارنى ئوخشاتقانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر، ئۇنى ئاللاھ تائالا «ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىق» دەپ ئاتىغا: ﴿إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىقتۇر﴾[4] .

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) مائىدە سۈرىسى 72 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(4) لوقمان سۈرىسى 13ـ ئايەت.

زۇلۇم ـ بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا قويۇشنى دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتلەردە، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم، ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ئىبادەتنى باشقىسىغا مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە خىيانەت ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

4. شېرىك ـ ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:‹مەن سىلەرگە ئەڭ زور گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟› دېگەندە، ساھابىلەر ‹ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرسىلە يارەسۇلۇللاھ › دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئەڭ چوڭ گۇناھلار ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتۇر›دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[1] .

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ساۋابى

سوئال: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قايسى بىر ۋاقىتتا بولمىسۇن، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ساۋابلىق ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى بۇرۇن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار»[2]. يەنە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى يادلاندۇرىدۇ»[3] .

سوئال: قەبرىلەرنى قانداق زىيارەت قىلىش كېرەك؟

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جـــاۋاب: قەبرىلەرنـــى پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالامنىڭ كۆرسەتمىسـى بـويىچە، ئۆلـۈكلەرگە ئـالالھ تائـالادىن مەغپىـرەت تىلەش بىلەن زىيـارەت قىلىـش كېـرەك. ئۆلـۈكلەردىن بىـر نەرسـە سوراشـــقا بولمايـــدۇ. پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالام ســاھابىلەرگە قەبرىلەرنــى زىيـارەت قىلىــش توغرۇلـۇق مۇنــداق تەلىــم بەرگەن: «بۇ دىياردا يېتىۋاتقان مۇئمىن، مۇسـۇلمانلار! سـىلەرگە ئاللاھنىـڭ سـالامى بولسـۇن، بىزلەرمـۇ ئـالالھ خالىغـان ۋاقىتتـا سـىلەرگە يېتىشىمىز. بىزگە ۋە سىلەرگە ئاللاھتىن ئامانلىق تىلەيمەن»[(1)] .

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## كۇفرى، جاھىلىيەت، فىسق، زالالەت، نىفاق ۋە مۇرتەدلىك

سوئال: كۇفرىنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: كۇفرى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى پەردىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى ئاللاھ تائالاغا ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ياكى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر.

چۈنكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىق ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت ئىنساننىڭ ئەسلى ۋە ساپ تەبىئىتىنى پەردىلەپ يوشۇرغانلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان ھەقىقەتلەرگە ئىنكار قىلغان ئادەم «كاپىر» يەنى ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتالغان.

### كۇفرىنىڭ تۈرلىرى

كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق سادىر قىلغۇچىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىماندىن چىقارمىسىمۇ گۇناھقا پاتۇرىدۇ.

### ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق قايسىلار؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. كۇفرى ئىنكار

كۇفرى ئىنكار — قۇرئان كەرىمگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋە ياكى ئۇلار ئارقىلىق بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەرنىڭ ياكى ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ **وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْكَافِرِينَ** ﴾يەنى﴿ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟﴾[1].

### 2. كۇفرى تەكەببۇر

كۇفرى تەكەببۇر ـ ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭچىلىق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. بۇ خىلدىكى كۇفرى ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش كۇفرىدۇر. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ **وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ** ﴾ يەنى﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 ـ ئايەت.

بولۇپ كەتتى﴾[1].

دېمەك، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

3. كۇفرى شەك

كۇفرى شەك — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىماننىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ **وَمَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً وَلَئِنْ رُدِدْتُ إِلَى رَبِّي لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِنْهَا مُنْقَلَبًا. قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّاكَ رَجُلًا**﴾ يەنى﴿(كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۇئمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن هالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى﴾[2]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەم شەكسىز كاپىردۇر.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

(2) كەهف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

4. كۇفرى ئىئتىراز

كۇفرى ئىئتىراز — ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. ﴿ **وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ** ﴾ يەنى ﴿كاپىر بولغانلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن ۋە ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز «كاپىرلار» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

5. كۇفرى نىفاق

كۇفرى نىفاق — تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿ **وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ** ﴾ يەنى ﴿كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ﴾[2].

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئىبغىزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە،

(1) ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئېتىقادتىكى كۇفرىنىڭ ھۆكمى

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

**ئەمەلدىكى كۇفرىلىق**

سوئال: ئەمەلدىكى كۇفرىلىق قايسىلار؟

جاۋاب: ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.كۇفرى نېمەت

كۇفرى نېمەت — ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ **لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ**﴾يەنى ﴿ شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ.﴾(1).

2. كۇفرى مەسىيەت

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

كۇفرى مەسىيەت — ئىسلام دىنىدا كۇفرىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلار دېمەكتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»[1].

(2)ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە زىنا قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[2].

(3)ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[3]. بۇ ھەدىستىكى كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

### 3. كۇفرى ھۆكۈم

كۇفرى ھۆكۈم ـ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئەھمەت رىۋايىتى.

مۇنۇ سۆزى:﴿ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾يەنى ﴿كىملەركى، ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1].

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى «بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ياكى ئوخشاش سانىغانلىقتىن ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ئىسلام قانۇنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ ھۆكۈمىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۇفرىلىق ئېتىقادىي كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ[2].

## ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنىڭ ھۆكۈمى

ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ياكى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە، كاپىر بولمايدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلدىكى كۇفرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

سوئال: جاھىلىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جاھىلىيەت لۇغەتتە، بىلىمسىزلىك دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام تېرمىنلىرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ھالىتى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) دۇكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە ئەللامە سالىھ ئىبنى فەۋزان ئەل فەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

پەيغەمبىرىنى ۋە دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلمەسلىك، نەسەب بىلەن پەخىرلىنىش، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىش ۋە ئەسەبىيلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر[1].جاھىلىيەت ئومۇمەن ھەق دىننى بىلمىگەن ياكى توغرا ئىلمگە ئەگەشمىگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتنى بىلمەسلىك بىر جاھالەتتۇر. ئەمما ھەقىقەتنىڭ ئەكسىگە ئېتىقاد قىلىش مۇرەككەپ جاھىلىيەتتۇر. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىنسانلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ بارلىق خۇراپاتلىرى ۋە بۇزۇق ئېتىقادلىرى ھەممىسى جاھالەتتىن (بىلمىسىزلىكتىن) كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ھەممىسى بىر پۈتۈن جاھىلىيەتتە ئىدى.

ئەمما ئىسلامدىن كېيىن، مۇتلەق جاھالەتكە خاتىمە بېرىلگەن بولۇپ، نىسپىي جاھالەت داۋام قىلماقتا. دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە مۇتلەق ۋە ئومۇمىي جاھالەت يوق. چۈنكى ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ دۆلىتىدىمۇ مۇسۇلمانلار تېپىلىدۇ. خۇددى بەزى ئىنسانلار ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ، مۇسۇلمان بولمىغانلىقى سەۋەبلىك جاھالەتتە ياشىغاندەك، كۇففارلارنىڭ دۆلىتىدە ھەقىقەتنى تونۇپ مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، ئىسلامىي ھاياتتا ياشاۋاتقانلار بار. بىر ئادەم مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ جاھىلىيەتكە ئائىت قالدۇقلار تېپىلسا، ئۇنىڭدا جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرى بولغان بولىدۇ. بۇ خۇددى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا تەنلىك ئايالنىڭ بالىسى»دەپ ئەيىبلىگەندە،

(2) ئىبنى ئەسىرنىڭ«النهاية»ناملىق ئەسىرى،1ـ توم،323ـبەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا:« سەن جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن»[1] دەپ كايىغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

## فىسق

سوئال: فىسق دېگەن نېمە؟

فىسق لۇغەتتە چىقىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام تېرمىنلىرىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىش، توغرا يولدىن ئادىشىش، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلماسلىق دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلار، ھەتتا ھېچ ئىتائەت قىلمىغانلارمۇ «فاسىق» يەنى(پاسىق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھەر قانداق بىر كاپىر پاسىقتۇر. شۇنىڭدەك، چوڭ گۇناھلارنى قىلغان مۇسۇلمانمۇ پاسىقتۇر.

## فىسقنىڭ تۈرلىرى

فىسق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، مۇسۇلمانلىق چىقىپ كەتكەن كاپىرلارغا قارىتىلغان، يەنە بىرى، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارغا قارىتىلغان فىسقتۇر. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پاسىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئاۋۋالقىسى«كاپىر» مەنىسىدە، كېيىنكىسى« يولدىن چىققان گۇناھكار» مەنىسىدىدۇر. قۇرئان كەرىم ئىبلىسنىڭ كاپىر بولغانلىقىنى بايان قىلىپ:﴿ ئۇ رەببىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى﴾ [2] چۈنكى ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقى

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
2 كەھف سۈرىسى50-ئايەت.

ئىدى. ئەمما﴿ وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾يەنى ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلاپ، (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 قامچا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھېچبىر ۋاقىت قوبۇل قىلماڭلار. چۈنكى ئۇلار يولدىن چىققانلاردۇر﴾ [1]دېگەن ئايەتتىكى«فىسق» سۆزى چوڭ گۇناھنى سادىر قىلىش بىلەن گۇناھقا پاتقانلىق مەنىسىدە كەلگەن. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن:« ئۆلىمالار «فىسق» سۆزىنى گۇناھ-مەسىيەت دەپ تەپسىر قىلغان.» [2]

## زالالەت

زالالەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زالالەت سۆزى لۇغەتتە ئازغۇنلۇق، توغرا يولدىن ئېزىش دېگەنلىك بولۇپ، ھىدايەتنىڭ ئەكسىدۇر. زالالەت سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە كەلگەن:

1. كۇفرى مەنىسىدىكى زالالەت.﴿ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾يەنى ﴿كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق

1 نۇر سۈرىسى4-ئايەت.

(1) ئىبنى تەيمىيەنىڭ« ئىمان» ناملىق ئەسىرى، 278-بەت.

ئازغان بولىدۇ﴾[1].

2. شىرىك مەنىسىدىكى زالالەت.﴿ **وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا**﴾يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[2].

3. خاتالىق مەنىسىدە كەلگەن زالالەت. قۇرئان كەرىم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ **قَالَ فَعَلْتُهَا إِذًا وَأَنَا مِنَ الضَّالِّينَ** ﴾يەنى﴿مەن ئۇ ئىشنى قىلغىنىمدا ئازغۇنلاردىن ئىدىم﴾[3] يەنى خاتالاشقانلاردىن ئىدىم. چۈنكى مۇپەسسىرلەر شۇنداق دەيدۇ.

### نىفاق

نىفاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىفاق سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىچىدە بىر نەرسىنى يوشۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، نىفاق ئېتىقادتىكى نىفاق ۋە ئەمەلدىكى نىفاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### ئېتىقادتىكى نىفاق

ئېتىقادتىكى نىفاق ـ تىلىدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىلىقنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر. مانا بۇ، تىلىمىزدىكى «مۇناپىق» سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى ئۇلار يوشۇرۇن

(1) نىسا سۈرىسى 136ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 116ـ ئايەت.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

دۈشــمەندۇر. شــۇڭىمۇ مۇناپىقلارنىــڭ ئــاخىرەتتە ئۇچرايــدىغان جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭكىدىن ئەلــۋەتتە ئېغىــر بولــدۇ. بــۇ ھەقــتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن:﴿ **إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِــنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِــدَ لَهُــمْ نَصِــيرًا**﴾يەنى ﴿مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[1].

مۇناپىقلار ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق جايدا تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى ـ بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا مۇئمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ بايانى 3 ئايەت بىلەن، كاپىرلارنىڭ بايانى2 ئايەت بىلەن تاماملانغان بولسا، مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى چوڭ ۋە ئۇلارنى تونۇۋېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بايانى 13 ئايەت بىلەن تاماملانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمەتلىرى چوڭدۇر.

مۇناپىقلار قايسىبىر مىللەت ۋە قايسىبىر جايدا بولمىسۇن، ئۇلار ھامان ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىشە نەپرىتىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. بۇ مۇناپىقلارنى ئىشلەتكەن بېسىمدارلارمۇ ئۇلارنى سۆيمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىۋېتىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل مۇناپىقلارنىڭ

(1) نىسا سۈرىسى145ـ ئايەت.

خەلقىمىــــزگە ســــالغان زىيــــانلىرى ئــــاز بولمىغــــان. هــــازىرمۇ مۇناپىقلارنىــڭ خەلقىمىــزگە سىڭدۈرمەكچى بولغان زىيانكەشــلىكلىرى داۋام قىلماقتا.

## ئەمەلدىكى نىفاق

ئەمەلدىكى نىفاق ـ ئــۆزى مۇســۇلمان بولســىمۇ، مۇناپىقلارنىــڭ قىلىقىنــى قىلىــش دېگەنلىــك بولــۇپ، ئەمەلــدىكى نىفــاقنى ســادىر قىلغۇچىلارنىــڭ مۇنــاپىقلىقى ئۇلارنىــڭ مۇســۇلمانلىقىنى بىســىپ كەتمىگەنــــلا بولســــا، مۇســــۇلمانلاردىن ســــانىلىدۇ. پەيغەمــــبەر ئەلەيهىسســالام مۇنــداق دېــگەن: «ئامــانەتكە خىيــانەت قىلىــش، يالغــان ســۆزلەش، ۋەدىــگە خىلاپلىــق قىلىــش، جېدەللەشــكەندە ئېغىزنى بۇزۇش قاتارلىق تۆت ئىللەت كىمدە بولسا، ئــۇ ھەقىقىــي مەنىدىكى مۇناپىق بولىدۇ، بــۇ تــۆت ئىللەتــتىن بىرەرســىنى ئــۆزىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەم ئۇنى تاشلىمىغۇچە، مۇنــاپىقلىق ئــالامىتىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولىدۇ»[1].

## ئېتىقادتىكى نىفاق بىلەن ئەمەلدىكى نىفاقنىڭ پەرقى

سوئال: ئېتىقادتىكى نىفاق بىلەن ئەمەلــدىكى نىفاقنىــڭ پەرقــى نېمە؟

جــاۋاب: ئېتىقــادتىكى نىفــاق بىــلەن ئەمەلــدىكى نىفاقنىــــڭ پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئېتىقادتىكى نىفــاق ئېتىقادتــا تىــل بىــلەن دىلنىــڭ بىــردەك بولماسلىقىدۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفــاق ئىنســانلارغا قارىتــا ئىككــى يۈزلىمىچىلىك قىلىشتۇر.

(1) بۇخارىي رىۋايىتى .

2. ئېتىقادتىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلار گەرچە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلاردىن سانالسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە مۇناپىقلاردىن سانىلىدۇ.

3. ئېتىقادتىكى نىفاق مۇسۇلمان ئادەمدىن سادىر بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىرنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاق بەزى مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولىدۇ.

4. ئېتىقادتىكى نىفاقنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئىمان ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئەخلاقىنى تۈزىتىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

**مۇرتەدلىك**

سوئال: مۇرتەدلىك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇرتەد ــ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ــ يېنىۋالغۇچى دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى ــ مۇسۇلمانلىقتىن كاپىرلىققا قايتقۇچى دېگەنلىكتۇر. دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەم مۇرتەد دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىۋېلىپ، كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 218 ـ ئايەت)

**مۇرتەدلىكنىڭ تۈرلىرى**

سوئال: مۇرتەدلىك قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇرتەدلىك تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1. سۆز بىلەن مۇرتەد بولۇش. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرىنى ياكى پەرىشتىلەرنى سۆكۈش، ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش، قۇرئاننى ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ دېيىش، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كەمسىتىش ۋە باشقىلاردۇر.

2. ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن مۇرتەد بولۇش. مەسىلەن: بۇتلارغا، دەل ـ دەرەخلەرگە، تاشلارغا، ھايۋانلارغا، مۇنىدىن باشقىمۇ ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنۇش، قەبرىلەرگە باش ئۇرۇش، سېھىرگەرلىك قىلىش، سېھىرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يەرلىك قانۇنلارنى ئىسلام قانۇنىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇش ۋە باشقىلار.

3. ئېتىقاد بىلەن مۇرتەد بولۇش. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانى شېرىكى بار ياكى بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش. ئەۋلىيالار، قۇتۇپلار، مازار ـ ماشايىخلار كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ ياكى كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. زىنا، ھاراق، ئۆسۈم ۋە باشقىمۇ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال ساناش، ناماز، روزا، زاكات ۋە باشقىمۇ پەرزلەرنىڭ پەرزلىكىگە ئېنىش ۋە باشقىلار.

4. شەك بىلەن مۇرتەد بولۇش. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شەك قىلىش، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تائالا سۆزى ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىش، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىش ۋە باشقىلار.

**مۇرتەدنىڭ جازاسى**

سوئال: مۇرتەدنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: مۇرتەدنىڭ جازاسى ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدا ئازابلىنىشتۇر. ئەمما مۇرتەدنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى تۆۋەندىكىچە:

1. دىنىدىن يېنىپ مۇرتەد بولغان ئادەم تەۋبە قىلىپ، قايتىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىي جەھەتتىن قېرىنداش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

2. مۇرتەد بولغان ئادەم تەۋبە قىلىشنى خالىماستىن، ئۆزىنىڭ مۇرتەدلىكىدە چىڭ تۇرسا، ئۇنىڭغا كاپىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىسلام قانۇنلىرى تەتبىق قىلىنىدىغان مەملىكەتلەردە بولسا، مۇرتەدلەر ئەگەر تەۋبە قىلىپ ئىمانغا قايتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالسا ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىمۇ ئازدۇرۇش يولىنى تۇتسا، ئۇنىڭغا ئىمانغا قايتىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن پۇرسەت بېرىلىدۇ. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىمانغا قايتمىسا ۋە نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ئىسلام جازا قانۇنىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى بۇنداقلارنىڭ ئىسلام ئەھلىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە جەمئىيەتكە بولغان سەلبىي تەسىرى كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭكىدىنمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇش ۋە مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئەڭ خەتەرلىك پىتنە- پاساتلاردۇر. قۇرئاننىڭ تەبىرى بويىچە، پىتنە - پاساتچىلىق تېرىش ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر. شۇڭا ئۈچ كۈنلۈك پۇرسەت ئىچىدە تەۋبە قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتمىغان مۇرتەدلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئەگەر ئۇ ئىمانغا قايتىشقا ئۇنىمىسا، ئۇنى ئۈچ

كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈڭلار.» [1]

3. مۇرتەد بولغان ئادەم مۇرتەدلىك ھالىتى بويىچە ئۆلسە، ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ يۇيۇلماستىن، نامىزى چۈشۈرۈلمەستىن دەپنە قىلىنىدۇ. مۇرتەدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىغا دەپنە قىلىنمايدۇ. [2]

(1) بۇخارى رىۋايىتى

(2) بۇ ماۋزۇ ئەللامە سالىھ ئىبنى فەۋزان ئەل فەۋزاننىڭ«تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# بىدئەت ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى

سوئال: بىدئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىدئەت ــ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن، يېڭىلىقلارنى ئىجاد، ئىختىرا ۋە پەيدا قىلىش دېمەكتۇر.

يېڭىلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، زامانىمىزدىكى پەن ــ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا ئوخشاش، دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلىش ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنىغان ياخشى ئىشلاردىندۇر.

ئىككىنچىسى، دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىش بولۇپ، ئۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، دىن ئۆز ۋاقتىدىلا تاكامۇللىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھېچقانداق يېڭىلىق ياكى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر كامالەتتۇر. چۈنكى كامالىغا يەتكەن نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بىدئەت پەيدا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ: «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزغا، ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[1] .

سوئال: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىسى، سۆز ۋە ئېتىقادتىكى بىدئەتلەردۇر. ئۇلار ئىسلامدىكى ئازغۇن مەزھەپلەردىن: مۇتەزىلە، جەھمىيە،

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

رافىزە، خاۋارىج ۋە بەزى شىئەلەرنىڭ ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىكى بىدئەتلەردۇر.

ئىككىنچى تۈردىكىسى، ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر بولۇپ، ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يوسۇندا ئادا قىلماسلىق ياكى يېڭى ئىبادەت سىستېمىلىرىنى بەلگىلىۋېلىش قاتارلىقلاردۇر. بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز بىدئەتلەرنىڭ بۇ خىلدىكىسىدۇر.

## بىدئەت دىنىنىڭ دۈشمىنىدۇر

بىدئەت شۇنداق يامان بىر يول بولۇپ، ئۇ دىندارلارنى يولدىن چىقىرىشقا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. بىدئەت دىنىنىڭ دۈشمىنىدۇر، بىدئەت سادىر قىلىشنىڭ جازاسى گۇناھ-مەسىيەت قىلىشنىڭ جازاسىدىن ئېغىردۇر. چۈنكى بىدئەتچى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە ھەممىنى توغرا قىلدىم، دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلىدۇ. ئەمما گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلغۇچى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى بىلىدۇ.

سوئال: مەنئى قىلىنغان بىدئەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: مەنئى قىلىنغان بىدئەتلەر ئومۇمەن دىندىن ئەسلىسى يوق. پەقەت كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىشلاردۇر. بۇلار قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. مەلۇم بىر ئىبادەتنىڭ ئەسلى بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا

ئەگەشمەستىن پاكىتسىز ھالدا ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلىۋېلىش. مەسىلەن: ئەۋۋابىن نامىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈش نامىزى دېگەنگە ئوخشاش قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىلى بولمىغان نامازلار.

2. بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە بىر نەرسە زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش.

3. ئىبادەتلەرنى بۇيرۇلغان قائىدە ـ سىستېمىسى بويىچە ئادا قىلماستىن، يېڭى قائىدە. تەرتىپلەرنى پەيدا قىلىۋېلىش. مەسىلەن: ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، ئۆيلىنىش، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلاردىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋالغانغا ئوخشاش.

4. بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە ئۆزلۈكىدىن ۋاقىت بەلگىلىۋېلىش. مەسىلەن: بارائەت كېچىسىنىلا كېچە نامىزىغا مەخسۇس قىلىۋالغانغا ئوخشاش. چۈنكى كېچە نامىزى مەخسۇس بىر كېچە ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن ئىبادەت بولماستىن، بەلكى يىلنىڭ قايسى كېچىلىرىدە بولمىسۇن ئوقۇسا بولىدىغان نەپلە (ئىختىيارى) ئىبادەتلەردىندۇر. شۇڭا ئۇنى بارائەت كېچىسىگىلا مەخسۇس قىلىۋېلىش بىدئەت سانىلىدۇ.

سوئال: بىدئەتلەر ياخشى بىدئەت ۋە يامان بىدئەت دەپ ئايرىلامدۇ؟

جاۋاب: بىدئەتلەرنى «بىدئەت ھەسەنە ــ ياخشى بىدئەت» ۋە «بىدئەت سەييىئە ــ يامان بىدئەت» دەپ ئايرىغۇچىلار خاتالاشقانلاردۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**كل بدعة**

ضلالة» يەنى «بىدئەتنىڭ ھەرقانىدىقى زالالەتتۇر» [1] دېگەن سۆزىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردۇر. ھافىز ئىبنى رەجەب قىرىق ھەدىسنىڭ شەرھىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹بىدئەتنىڭ ھەرقانىدىقى ئازغۇنلۇقتۇر› دېگەن سۆزى لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول سۆز بولۇپ، ئۇ بىدئەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەدىس دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن بىرىنى بايان قىلماقتا. دىنغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەرقانداق يېڭىلىق ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر. بىدئەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلار ئازغۇنلاردۇر. دىنىمىز بۇنداقلاردىن بىزاردۇر» دەپ يازغان.

«بىدئەت ھەسەنە» بار دەپ دەۋا قىلغۇچىلار بۇ دەۋالىرىنى ئاقتۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئېتىبارلىق دەلىل ــ ئىسپاتى يوقتۇر. پەقەت ئۇلار ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تەراۋىھ نامىزى ئۈچۈن «بۇ نېمە دېگەن ياخشى بىدئەت(يېڭىلىق)» دېگەن سۆزىنىلا بىدئەت ھەسەن بار دېگەن دەۋالىرى ئۈچۈن دەلىل قىلىپ كۆرسەتسە كېرەك. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىدە بىدئەتنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى مەقسەت قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى دىنىدىن بىرەر دەلىلى بولغان نەرسە ھېچ قاچان ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى بىدئەتكە كىرمەيدۇ. تەراۋىھ نامىزىنىڭ دىنىمىزدا ئەسلى بار بولۇپ، ئۇ سۈننەتتۇر. بەزىلەر مۇنداق سوئال قويۇشى مۇمكىن: ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ زامانىدا بەزى دىنىي يېڭىلىقلار بولغان. مەسىلەن: قۇرئان سۈرىلىرى توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلگەن، كېيىنچە ھەدىسلەرمۇ توپلىنىپ دىۋان قىلىنغان، بۇلار بىدئەت يەنى يېڭىلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب

---

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بىرىمىزكى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى دىنىدىكى بىر يېڭىلىق ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ دىنىمىزدا ئەسلى باردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قۇرئان ئايەتلىرىنى ۋە سۈرىلىرىنى يېزىدىكى مەخسۇس كاتىبلىرىغا ھەمىشە يازدۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا مەخسۇس قۇرئان ئايەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن يېزىپ تۇرىدىغان قىرىققا يېقىن مەخسۇس ۋەھيي كاتىبلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان سۈرىلىرىنى جەملەپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن، كېيىنچە ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۇسمانىنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن قۇرئان نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىپ ئىسلام مەملىكەتلىرىگە تارقىتىلغان. ھەدىسلەرنىڭ توپلىنىپ دىۋان قىلىنغانلىقىمۇ بىدئەت ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بەزى ھەدىسلەرنى ساھابىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارغا يازدۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالدا ھەدىسلەرنى يېزىشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا قۇرئان تېخى چۈشۈشكە داۋام قىلىۋاتقان بولغاچقا بەزى كىشىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى قۇرئان ئايەتلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن بۇ مەنئى ئەمەلدىن قالغان بولدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ چۈشۈشى توختىغان، ئۇنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى ھازىرقى تەرتىپى بويىچە يېزىلىپ توپلىنىپ بولغانىدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار ھەدىسلەرنى زايە بولۇپ كەتمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ئۇلارنى توپلاپ دىۋان ھالىغا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىدئەت ئەمەس. چۈنكى بۇ

ئىشلارنىڭ دىنىمىزدا ئەسلى بار.

## ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى

سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىيلىك بىلەن مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىمىگەن قائىدە ـ قانۇنلارنى كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا بەلگىلىۋېلىشىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن بولسىمۇ دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ ئاتاپ بۇ دىنغا كىرگۈزۈۋېلىشىنى قەتئىيلىك بىلەن مەنئى قىلىشتا ناھايىتى ھېكمەتلىك ئىدى. ھەتتا ناھايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا«**كل بدعة ضلالة**» يەنى «بىدئەتنىڭ ھەرقاندىقى زالالەتتۇر» دەپ ئېلان قىلدى. دىنلار تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋىرى بولغان ھەرقانداق ئادەم، ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلغانلىقىدىكى ھېكمەتلەرنى ئوچۇق ۋە ئاشكارا كۆرەلەيدۇ.

تارىختىن بىرى پۈتۈن دىنلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئاخىرى بىرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ كەلگەن نەرسە ـ بىدئەتتۇر.

1. بىدئەت ـــ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىندارلارنى ئۆز غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇش ۋە دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان قۇرالى بولۇپ كەلدى. دىن دۈشمەنلىرى دىندارلار سېپىگە كىرىۋېلىپ، دىندارلاردىن بەزى نادانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، ئەمما غايىسى ئۇلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىرىشتىن ئىبارەت ھىيلە ـ

مىكىرلىرىگە قايىل قىلىشۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىنى، بەخت ـ سائادىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىنى بولسا خاراب قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي تەلىماتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا قەتئىي پۇرسەت بەرمەستىن، ھەدەپ تۈرلۈك خۇراپاتلارنى ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. بارلىق خۇراپات ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئەنە شۇ لەنىتى بىدئەت ئېچىۋەتتى. كېيىنچە ئۇلار بىدئەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، مەزكۇر دىنلار تۈپ ئاساسىدىن بۇزۇلدى.

2. بىدئەت يولى بىلەن، ساماۋى دىنلارغا شېرىك، بۇددىستلىق ئەقىدىلىرى ھەدەپ كىرىپ كەلدى، نەتىجىدە دىندارلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق دىنىدىن ئېزىپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش يوللىرىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۈگەشتى. ئەسلى ساماۋى دىن بولغان خىرىستىيان دىنىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ۋە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېيتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئېلان قىلغان. مەتتا ئىنجىلى 18ـ باب 20ـ تېكىستتە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئەمما ئىنسان ئوغلىنىڭ (يەنى مېنىڭ) بېشىنى قويىدىغان يېرى يوق»، يەنە شۇ بابنىڭ 64ـ تېكىستىدە «ئىيسا: ـ مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان كىشى ئىنسان ئوغلىدۇر ـ دېدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇرۇنقى خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى«كىرېست »قا

باغلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن، «كىرېست»نى ئۇلۇغلىغان بولسا، ھازىرقىلىرى ئۆزلىرى ئىلاھ دەپ بىلىدىغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ، «كىرېست» نىڭ ئۆزىگە چوقۇنماقتا.

3. بىدئەت يولى بىلەن دىندا چېكىدىن ئېشىش، دىندارلارغا ئۇلار تاقەت قىلالىغۇسىز، ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى دىندىن زېرىكتۈرۈش قاتارلىق سەلبىي نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى.

4. بىدئەت يولى بىلەن كىشىلەر دىنلاردا خالىغانچە قانۇن-تۈزۈملەرنى ۋە يېڭى ئىبادەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتى. دىن ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان دۇنيا زىننەتلىرى ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى دىندارلارغا ھارام قىلدى. ئۇلار «دىن» نامى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا سەلبىي نەزەردە قارىدى. ئىمان دەۋاسى بىلەن كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادەتلىرىنى بوغدى. ئاللاھ تائالاغا يېتىمسىز دېگەن گۇمان بىلەن بەندىلەرنى ئازابلىدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنى خاراب قىلدى. بۇ ئورۇندا خىرىستىيان دىن ئادەملىرىنىڭ( ئۆلىمالىرىنىڭ) ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش دەۋاسى بىلەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خىلاپ ھالدا، ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان «تەركىدۇنيالىق» تەرغىباتىنى ئەۋجىگە چىقىرىشى ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپا خەلقىنى دىندىن زېرىكتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا ياۋروپادا SECULARESM «دىننى سىياسەتتىن ئايرىش» ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بايان قىلىش يېتەرلىك.

5. بىدئەت يولى بىلەن ـ دىنلاردا تەرەققىياتقا، ئىلىم ـ پەنگە ۋە ھەر قانداق كەشپىياتلارغا قارشى يېڭى نىزاملار ئويدۇرۇپ چىقىلدى . ھەتتا ياۋروپا خەلقى خىرىستىيان دىن ئادەملىرىنىڭ بېسىمدارلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالغا كەلدى. چۈنكى دىن ئادەملىرى ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى، كەشپىياتچىلارنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرۈپلا تۇردى. يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئالىم گالىلې گالىليونى خىرىستىيان چېركاۋىدىن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

## بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقنىڭ نەتىجىلىرى

سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىپ كەلگەنلىكى نەتىجىسىدە، دىنىي ئەقىدىلىرىمىز، ئىبادەتلىرىمىز ۋە پۈتۈن پائالىيەتلىرىمىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ قانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇلۇشلارغا ئۇچرىماستىن، كەم ـ زىيادە قىلىنماستىن داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئېتىقادلار ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرى مەسىلىلىرىدە پۈتۈن ئىسلام مەزھەپلىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. مەسىلەن: دىنىمىزدىكى ئېتىقاد مەسىلىلىرى ۋە دىنىمىزدىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەر پۈتۈن كەيپىيەتلىرى بىلەن شىئە بولسۇن، سۈننى بولسۇن ۋە باشقا مەزھەپلەر بولسۇن، ھەممىسىدە بىر

خىلدۇر. مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار ئاساسەن كىچىك مەسىلىلەرگە يەنى مۇستەھەب (ياخشى سانالغان ئىشلار)، مەكرۇھ (يامان سانالغان ئىشلار) دېگەندەك مەسىلىلەرگىلا مەركەزلەشكەن. ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىبادەت، ھالال ـ ھارام، مۇئامىلە ۋە قانۇن ـ پىرىنسىپ مەسىلىلىرىدە مەزھەپلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يوقتۇر. مانا بۇ، ئىسلام دىنىغىلا خاس بىر ئىمتىيازدۇر. يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق بىر دىن ئىسلام دىنى ئېرىشكەن بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلىگەن ئەمەس. باشقا ھەرقانداق بىردىنىدا ئىبادەتلەر ھەتتا ئېتىقادلار يىللار بىلەن ئۆزگىرىپ، ئەسىرلەر بىلەن بۆزۈلۈپ كەلگەن. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىنىدا، بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلمىغان. ئەمما ئىسلام دىنى ئىشىنىڭ بېشىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇ دىنغا قائىدە ـ نىزام ۋە ھەرخىل دىنىي يېڭىلىقلارنى، دىنىدا بۇيرۇلمىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى كىرگۈزۈشكە قەتئىي يول قويماي كەلدى. ئىسلام دىنىدا ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە خىرىستىيان دىنىدا بولغىنىغا ئوخشاش «دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي بېسىمدارلار مەۋجۇت ئەمەس.

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن كەچۈرۈم قىلىش، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نېمەتلەردىن دىندارلارنى مەنئى قىلىش ھوقۇقى يوقتۇر. ئىسلام دىنىدا ئىبادەتلەر بىۋاستە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا قوبۇل قىلىدۇ. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىسا كەچۈرىدۇ. بۇ ماۋزۇدا خىرىستىيان دىنىنىڭ ھازىرقى قانۇنىغا قارايدىغان بولساق: ئۇنىڭ خىرىستىيان دىن ئادەملىرى

تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىنجىلدىكى نۇرغۇن ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، ھەمدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ "مەن دىنىنى كېمەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم" دەپ ئېيتقان مۇقەددەس دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

توغرا، ئىسلام دىنىدىمۇ، بەزى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىۋالغان ئازغۇنلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇيرۇلمىغان بىر قىسىم بىدئەتلەرنى ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغانلىقى راست. ئەمما ھەر دەۋردە ئىسلام دىنىنى تولۇق بۇرمىلاشلاردىن قوغداپ تۇرىدىغان ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر كەم بولمىغاچقا، بۇنداق بىدئەتلەر ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلىنىپ كەلدى. چۈنكى بۇ دىنىنى تا قىيامەتكىچە ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش ۋە كەم ـ زىيادە قىلىشلاردىن ساپ قىلىپ، ساقلىغان ھالدا ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ ۋەدىسىنى مۇنداق دەپ ئېنىق قىلغان. «بۇ ئۈممەتكە ئاللاھ تائالا ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا ئۇلارنىڭ دىنىنى يېڭىلايدىغان (يەنى بىدئەتلەردىن تازىلايدىغان) بىرىنى چوقۇم ئەۋەتىپ تۇرىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە ﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ**﴾يەنى ﴿قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾[2] دەپ ۋەدە قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس

(1) ئىمام ئەبۇداۋود رىۋايىتى.

(2) ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم قوغدالغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ دىنى، ئېتىقادى، ئىبادەتلىرى ۋە پۈتۈن ئىشلىرى قوغدىلىدۇ دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن سۈننەتلىرىمنى قويۇپ كەتتىم، سىلەر بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار، مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر»[1] .

مۇسۇلمانلار مۇشۇ پىرىنسىپقا چىن ئەمەل قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن ساھابىلەر، خەلىپىلەر، تابىئىنلار (ساھابىلەردىن كېيىنكى ئەۋلادلار) ۋە مەزھەپ ئالىملىرى بىدئەتنى مەنئى قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆردى، ئاددىي بىر بىدئەتنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا رەت قىلىپ كەلدى. چۈنكى ھەرقانداق چوڭ ئىشلار كىچىكتىن باشلىنىدۇ.

ئىمام مالىك بىدئەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇرۇنقىلاردا بولمىغان بىرەر ئىشنى مۇشۇ ئۈممەتنىڭ دىنىغا كىرگۈزمەكچى بولغان كىشى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنغا خىيانەت قىلغان (يەنى دىننى تولۇق يەتكۈزمىگەن) دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم﴾ دېگەن، دىنمۇ ئۆز ۋاقتىدا كامالىغا يېتىپ بولغان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، شۇ ۋاقىتتا دىندىن سانالمىغان نەرسە ھازىرمۇ دىندىن سانالمايدۇ».

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى.

## ۋەسلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر

سوئال: ۋەسلە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەسلە ـ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىپ ئارىغا سېلىش دېگەنلىكتۇر.

ۋەسلە (يەنى ۋاستە) 3 تۈرلۈك بولۇپ، بىرى يول قويۇلغان ۋەسىلىلەر، ئىككىنچىسى، مەنئى قىلىنغان ۋەسىلىلەر، ئۈچىنچىسى، دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسلىدۇر.

### بۇيرۇلغان ۋەسلە

سوئال: بۇيرۇلغان ۋەسلە قايسى؟

جاۋاب: بۇيرۇلغان ۋەسلە ـ قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلەر قوللانغان ۋەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسلە قىلىشى. قۇرئان كەرىم ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋەسلە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ**﴾يەنى ﴿رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. رەببىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى

مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن.﴾[1] يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئەگەشتۈرۈپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ**﴾يەنى ﴿ رەببى ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى﴾[2]

2. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسلە قىلىش

ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋەسلە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ**﴾يەنى ﴿ ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا «رەببىم! سەندىن باشقا يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى﴾[3].

كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ **فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنْجِي الْمُؤْمِنِينَ**﴾يەنى ﴿ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق. مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز﴾[4].

3.ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋەسلە قىلىش. ئاللاھ تائالا بىزگە ۋەسلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 193 ـ ئايەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 195 ـ ئايەت
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ ئايەت
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 88 ـ ئايەت

دەيدۇ: ﴿ **وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا** ﴾يەنى﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار﴾[1].

4. ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ھەممىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن، سېنىڭدىن ياردەم سورايمەن»[2]

5. ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشى. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلەر ـ رەھىم قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش ۋە باشقا ياخشى قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋەسىلە قىلىش دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ۋەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە، ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يېپىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارىسى

---

(1) ئەئراف سۈرىسى180 ـ ئايەت

(2) تىرمىزى رىۋايىتى

قالمىغانىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، كامالىي ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغانىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.[1]

6. ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش. يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ. يۇقىرىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان ئۆڭكۈردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى زىنا قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولۇپ بولغان ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورققانلىقتىن زىنانى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلغانىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولغان ۋە ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەن.

7. تىرىك بولغان ئاتا ـ ئانا ۋە تىرىك ئالىم ـ ئۆلىما، تەقۋا كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ بېرىشىنى سوراش. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نى دۇئالىرىدا ۋەسىلە قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانىدىن كېيىن، ساھابىلەر بىر كۈنى ئۇنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلغان:«ئى ئاللاھ! بىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ سەندىن سۇ تىلەپ دۇئا قىلغىنىمىزدا، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدىڭ، ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ۋەسىلە قىلدۇق، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!»

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

دەپ دۇئــا قىلغانــدا، ئــاللاھ تائــالا ئۇلارغــا يــامغۇر ياغــدۇرۇپ بەرگەن.[1]

## مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە

سوئال: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە قايسى؟

جـاۋاب: مەنئـى قىلىنغـان ۋەسـىلە- ئىسـلام دىنىنىـڭ روھىغـا ئۇيغـۇن كەلمەيـدىغان، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مەنئـى قىلغـان ۋەسـىلە بولـۇپ، ئـۇ شـېرىك ۋە خۇراپـاتتۇر. مەسـىلەن: دۇئـانى ئۆلۈكلەردىن بىرەرسىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن«يا پىـرىم!» يـاكى «يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!» ياكى «يا تۆت ئىمـاملىرىم!» يـاكى «يـا ئىمـام جەپىرى تەيران!» ئاللاھ تائالادىن ماڭا پەرزەنـت تىـلەپ بەرگىـن، بايلىق تىلەپ بەرگىن، شـىپالىق تىـلەپ بەرگىـن، دەپ سـورىغانغا ئوخشاش.

## دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە

سوئال: دىنىمىزدىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە دېگەن قايسى؟

جــاۋاب: يــول قويۇلغانلىقىغــا دىنىمىــزدىن دەلىلــى بولمىغــان ۋەسـىلە ـ قۇرئـان كەرىمـدە يـاكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ياكى ئۇلگىلىك ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرىـدا ئـۆرنىكى كەلمىگەن ۋەسىلە تۈرى بولۇپ، « ئى ئـاللاھ! پالانىنىـڭ ھەققـى-ھـــۆرمىتى بىـــلەن مېنىـــڭ دۇئـــايىمنى قوبـــۇل قىلغىـــن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن»، دەپ دۇئـا قىلغانغـا ئوخشـاش. بۇخىـل ۋەســىلىنى بەزى ئــالىملار جــائىز دەپ قارىســا بەزى ئــالىملار ئىســلامنىڭ «يامــان ئاقىۋەتلەرنىــڭ كېلىــپ چىقىشــىدىن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىلىپ بارىدىغان ئىشلارنى مەنئى قىلىش» دەيدىغان ئومۇمي پىرىنسىپىغا ئاساسەن توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇنداق دۇئا شېرىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى دۇئا ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان، پەقەت ۋەسىلە بۇيرۇلمىغان يول بىلەن قىلىنغان، بەس.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ « پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى»دىكى ئۆلىمالار« ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن.....» دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: « دۇئادا "ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ياكى بەرىكىتى يا ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن" دەپ ۋەسىلە قىلىش شېرىك سانالمايدۇ، ئەمما شېرىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن مۇنداق ۋەسىلىنى قىلماسلىق كېرەك»[1].

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىش

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق ۋەسىلە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىشتا، ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىمانىمىز، ئىخلاسىمىز، مۇھەببىتىمىز ۋە چوڭقۇر ئەقىدىمىزنى ۋەسىلە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە ئەقىدە قىلىش ئەڭ ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا بۇ ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىش جائىزدۇر.

---

www.islamQA.com (1)

بۇنىداق قىلىش ـ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ـ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلغانلىقتۇر.

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى كىمدىن سوراش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى ئاللاھ تائالادىن سوراش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە شاپائەتنى كىمدىن، قانداق سوراش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىپ: «ئى ئاللاھ! رەسۇلۇللاھنى ماڭا شاپائەت قىلدۇرغىن» دەپ سورىغىن، دەپ كۆرسەتكەن[1] .

## ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ۋاستىغا موھتاج ئەمەس

سوئال: ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىراۋنىڭ ۋاستىسىغا موھتاجمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ھېچكىمنىڭ ۋاستىسىغا موھتاج ئەمەس. ئاللاھ ھەرقانداق بەندىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ۋە پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق دۇئانى بىۋاستە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ يەنى ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئىجابەت قىلىمەن﴾[1] .

سوئال: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق دوست تۇتۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلار رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ۋە ئۇلار رازى بولمايدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا دوست، دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇش بىلەن دوست تۇتۇش كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿**قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ ٱللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۆتكەنكى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئۆز ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن كىشىلەردىن بەك دوست تۇتۇپ سۆيمىگىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[3] .

## ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىككى ئىبادەت

سوئال: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر قايسىلار؟

(1) بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر ئىككى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئەمىر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.

**ئەمر- مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت**

سوئال: ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەمر- مەرۇپ ـ ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش، ۋەز نەسىھەت ـ كىشىلەرگە ئاخىرەتنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

سوئال: ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: كىشىلەرگە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمر- مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەنى: ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئالىم بولسۇن، جاھىل بولسۇن ھەر بىر شەخسنىڭ دىنىي بۇرچىدۇر. ئىسلام ئىستىلاھى بويىچە ئېيتقاندا، پەرز ئەينىدۇر. ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئىسلام مىللىتىگە خاس ئالاھىدە بىر خىسلەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿**كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ**﴾ يەنى ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى

ئۈممەتسىلەر ﴿[1] .

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام كىشــىلەرگە ئەمرــ مەرۇپ، ۋەزــ نەســىھەت قىلىشــنىڭ ھەرقانــداق مۇســۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىنــى بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ســىلەرنىڭ بىــرىڭلار بىــرەر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن(يەنى يامانلىق قىلغۇچىنى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلسۇن)، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىدۇر»[2] .

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## جىھاد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: جىھاد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: «جىھاد» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «جەھد» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىش»، «ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» دېگەنلىكتۇر. تىرىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىككى قاتلاملىق مەنىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھەققانىي ئۇرۇشلاردا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ بىرىنچى قاتلام مەنىسىدىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش «چوڭ جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەخسنىڭ بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىنى پاكلىشى ۋە تۈرلۈك گۇناھلاردىن، يامان قىلىقلاردىن، خۇسۇسەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، گۇمانخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە ئۆچمەنلىككە ئوخشىغان يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولۇپ نەپسىنى پاكلىشى، قەلبىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت، مېھرى-شەپقەت، ئادالەتپەرۋەرلىك، ياردەمسۆيەرلىككە ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە، ئىلتىپاتىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىسىدىكى ھەققانىي ئۇرۇش «كىچىك جىھاد» دەپ ئاتىلىپ، ھەققانىي ئۇرۇشنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ «كىچىك جىھاد»، نەپسىنى پاكلاپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ «چوڭ جىھاد» دەپ ئاتالغانلىقىغا ھەيران قالغۇچىلار بولسا، ئۇلارغا دېمىزكى، ئادەم ئىچ دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسى شەيتاننىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىنى يەڭمەي تۇرۇپ، قان تۆكۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتالمايدۇ.

سوئال: جىھادنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش پەرز كىفايەدۇر.[1] جىھاد بەزى شارائىتلاردا خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاشلا پەرز ئەين[2] بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

## جىھادنىڭ پەرز ئەينگە ئۆزگىرىشى

سوئال: جىھاد قىلىش قايسى ۋاقىتلاردا پەرز ئەين بولىدۇ؟

جاۋاب: جىھاد تۆۋەندىكى 3 شارائىتتا پەرز ئەينگە ئۆزگىرىدۇ:

1. جىھادقا تەيىنلىنىپ مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

---

(1) پەرز كىفايە ـ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇنلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز.

(2) پەرز ئەين ـ ھەربىر كىشى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

2. مۇسـۇلمانلار تۇرۇۋاتقـان رايـون يـاكى دۆلەتـكە دۈشـمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسـۇلمانلارغا جىھـاد قىلىـش پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

3. دۆلەت تەرىپىـدىن مەلـۇم شەخسـلەر جىھادقـا چىقىشـقا بەلگىلىنگەن ۋاقىتتا، چىقىشقا بەلگىلەنـگەن شـۇ مەلـۇم شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

## جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى

سوئال: جىھاد قىلىش نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

جـاۋاب: ئىسـلام دىنىـدا جىھادنىـڭ بۇيرۇلغـانلىق سـەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك 3 مەقسەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

1. زۇلۇمغا ۋە ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىققا قارشى تۇرۇش.

2. باشـقىلار تەرىپىـدىن زورلـۇق بىـلەن تارتىـپ ئېلىنغـان ھەق-ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش.

3. ئىسـلام ئەقىدىسـىنى ۋە مۇسـۇلمانلارنى قوغـداش، ھۇجـۇم قىلغۇچىلارغـا رەددىـيە بېـرىش. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە مۇنـــداق دېـــگەن: «ھۇجـــۇم قىلىنغۇچىلارغـــا، زۇلۇمغـــا ئۇچرىغـانلىقلىرى ئۈچـۈن ( قارشـىلىق كۆرسىتىشـكە) رۇخسـەت قىلىندى»[1]

## ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى

سوئال: ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى قايسىلار؟

---

(1) ھەج سۈرىسى 39- ئايەت

جاۋاب: ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچماسلىق. بۇ پىرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:﴿ **وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ** ﴾يەنى﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇزچىلارنى ئاللاھ راستتىنلا ياقتۇرمايدۇ﴾[1]

2. تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىشتە ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. بۇ پىرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:﴿ **فَمَنِ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُوا عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ** ﴾يەنى﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾[2]

3. دۈشمەنلەرنىڭ تىنچلىققا مايىل ئىكەنلىكى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى توختىتىدىغانلىقى بىلىنگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن، مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش. قۇرئان كەرىم بۇ پىرىنسىپنى مۇنداق بايان قىلغان:﴿ **وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا** ﴾يەنى﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن ﴾[3]

4. ئۇرۇش قىلمىغانلارغا چېقىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان

(1) بەقەرە سۈرىسى 190- ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 194- ئايەت

(3) ئەنفال سۈرىسى 61. ئايەت

ئەسكەرلىرىگە تەلىمات بېرىپ: « سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خارلىماڭلار»[1] دەپ قاتتىق جېكىلەيتتى.

5. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئۇرۇش قىلمىغانلارغا يامانلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇش. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان: ﴿ **لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ** ﴾يەنى ﴿كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

دۇنيادا قايسىبىر دىن، قايسىبىر قانۇن، قانچىلىك ئىلغار ۋە قانچىلىك ئىنسابلىق بولۇپ كەتسۇن، ئۇرۇش ماۋزۇسىدا ئىسلام دىنى بېكىتكەن بۇ پولاتتەك پرىنسىپلارغا يېتەلمەيدۇ. پرىنسىپلار قەغەزدە يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇسۇلمانلاردەك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھ.

### «جىھاد» سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى

سوئال: ئىسلامدا قانچە تۈرلۈك جىھاد بار؟

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(2) مۇمتەھىنە سۈرىسى 8- ئايەت

جاۋاب: ئەرەب تىلىدىكى «جىهاد»سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل مەنىدە كەلگەن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ﴾يەنى﴿مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ﴾[1].

2 . ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش. ﴿فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُمْ بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا﴾يەنى﴿ كاپىرلارغا بويسۇنمىغىن. قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى بارچە كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴾[2].

3. ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. ﴿وَمَن جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ﴾ يەنى﴿ كىمكى (ياخشى ئىشلاردا) تىرىشچانلىق كۆرسەتسىكەن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر﴾[3].

«مۇجاھىد» زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلارغا قارشى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىهاد قىلغۇچى كىشى دېگەنلىكتۇر.

---

(1) نىسا سۈرىسى 95-ئايەت.

(2) فۇرقان سۈرىسى 52-ئايەت

(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 52-ئايەت.

## تەۋبە ئىستىغپار

سوئال: تەۋبە- ئىستىغپارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى نېمە؟

جاۋاب: تەۋبە-ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقنى بىلگەن هامان ئۇنىڭدىن دەرهال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن هامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئىشلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ.

دېمەك، تەۋبە-ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش-هەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەت قىلىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەهمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن هەر كۈنى ئاللاهقا 70قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن بىر مەسۇم پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن.

بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟ چۈنكى تەۋبە-ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

### تەۋبە ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

سوئال: ئاللاھ تائالاغا قانداق قىلىنغان تەۋبە قوبۇل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان گۇناھ-مەسىيەتلەر ۋە قىلمىشلار، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ-مەسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما»دېگەن ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئۇلۇغراقى قىلىپ بەلگىلىدى، تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئەمما مەخلۇقاتنى، خۇسۇسەن ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن بەھۇزۇر ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

2. گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،

3. گۇناھ ـ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ھارامخورلۇق ۋە باشقا يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسى، يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن بىرلىكتە، 4ـ شەرت (ھەقسىزلىق قىلىنغۇچى ياكى تاجاۋۇز قىلىنغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش، ھەققى بولسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەق

ئىگىسىنى رازى قىلىش) بىلەنلا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆز ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنى يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسىنى، يامانلىق قىلىنغۇچى ۋە ھەق ئىگىسى رازى بولۇپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمىگىچە، ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ھەق

سوئال: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققىدىن كېيىن ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەق قايسى؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن قالسا، ئىنساننىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەق ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلار بىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزگە سەۋەب بولغان، بىزنى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ، بېقىپ چوڭ قىلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا . وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا. رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا**﴾ يەنى: ﴿ رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇف(ياكى ئوي) دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن

يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن. رەببىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى،) ئاللاھ يامانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، تەۋبىگە يۈزلەنگەنلەرنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچىدۇر.﴾[1]

بۇ ئايەتلەر بالىلار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، يەنى ئۇلار مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولسۇن، مەيلى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتا ـ ئانىلارغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا قۇرئان كەرىم، بەزى ۋاقىتلاردا بالىلارنىڭ ئاچچىقىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالەتلەردىمۇ ئۇلارغا مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئاددىي سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خۇسۇسەن ، ئاتا ـ ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا قوللىرىدىن كېلىدىغان پۈتۈن خىزمەتلەرنى قىلغاننىڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان سەممىي ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىگە قاراپ مۇكاپات

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر

بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ﴿إِحْسَانًا﴾ دېگەن سۆز «قېتىرقىنىش»، «مۇكەممەل ئورۇنداش»، «جان، دىل بىلەن ئىشلەش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتتى﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېھسان ( يەنى ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش) ئىسلام دىنىدىكى ئۈچ چوڭ مەرتىۋىنىڭ بىرى بولۇپ، بىرىنچىسى ئىمان، ئىككىنچىسى ئىسلام، ئۈچىنچىسى ئېھساندۇر. پەرىشتە جىبرىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغان مەشھۇر ھەدىستە، ئۇنىڭ ئاۋۋال ئىسلامنى، ئاندىن ئىماننى، ئاندىن ئېھساننى سورىغانلىقى بايان قىلىنغان.[2]

دېمەك، ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ، جان- دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ھەم ئىبادەت ھەم مەجبۇرىيەتتۇر.

---

(1)سەجدە سۈرىسى7-ئايەت.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «ئېھسان — خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»دېگەن.

# ئىككىنچى باب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

پەيغەمبەر-ئەلچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر ئاتالغۇدۇر. ئۇنىڭ ئەرەبچىسى« رەسۇل» ۋە «نەبى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا بىۋاستە سۆز قىلىشنى ۋە ئۆزىنىڭ دىمەكچى بولغانلىرىنى ئۇلارغا ئۇدۇل ئېيتىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەنلىكتىن، ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشنى لايىق كۆرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى بولغان بۇ پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان زاتلار بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ﴿ **وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ**﴾يەنى﴿ قانداقلا بىر مىللەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا چوقۇم پەيغەمبەر كەلگەن﴾ [1] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، دۇنيادا ئۆزلىرىگە پەيغەرمبەر كەلمىگەن بىرەر مىللەت يوق. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگۈچىلىك پەيغەمبەرلىك زەنجىرى ئەنە شۇنداق داۋام قىلغان.

سوئال: پەيغەمبەرلەر قانداق زاتلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتكەن ھەق ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە

---

(1) فاتىر سۈرىسى24-ئايەت.

كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، گۇناھسىز زاتلاردۇر، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگىدۇر.

سوئال: پەيغەمبەرلەر نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُواْ ٱلْطَّاغُوتَ**﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1] .

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇلار: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئىليەسە، زۇلكىفل،

---

(1) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

بۇلاردىن باشقا، ئۇزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەيىن قاتارلىق ئۈچ زاتنىڭ ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىسلەردە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇڭا قىسمەن ئالىملار يۇقىرىقى ئۈچ زاتنى پەيغەمبەرلەردىن سانىغان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئىسلام ئالىملىرى ئۇلارنى پەيغەمبەرلەردىن ئەمەس، بەلكى ياخشى، تەقۋا، ئەۋلىيالارنىڭ جۈملىسىدىن سانايدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان پەقەت بەزى ھەدىسلەردە ۋە تارىخ كىتابلىرىدا ئىسىملىرى بايان قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرى سۆزلەنگەن بەزى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار: شىش، يۇشەئ، خىزىر، بەشىر، دانىيال، ئىشموئىل، ئەرمىيا، ھەزقەل، جىرجىس، ھەبقۇق ۋە ھەنزەلە ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

خۇلاسە: قۇرئان كەرىمدە، ئىسىملىرى ئېنىق بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە تەپسىلىي ۋە قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان پەيغەمبەرلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلاً مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَّن لَّمْ نَقْصُصْ عَلَيْك** ﴾ يەنى ﴿ بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ

بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار﴾[1] .

مۇسۇلمانلار جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ ﴾يەنى ﴿(ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز)» دەيدۇ﴾[2] .

پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ ئىمانى مەقبۇل ئەمەس. نەتىجىدە، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيْنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيْنَ ذٰلِكَ سَبِيلاً أُوْلَـٰئِكَ هُمُ ٱلْكَافِرُونَ حَقّاً وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَاباً مُّهِيناً﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ( ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا بىر يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴾[3] .

(1) غافىر سۈرىسى 78 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 151 ـ 150 ـ ئايەت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بەرھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ئەھۋالىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىللىرى ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشتە، ئۇنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ﴿ لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِٱلْبَيِّنَاتِ ﴾ يەنى﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق﴾[1] .

## مۆجىزە

سوئال: مۆجىزە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۆجىزە سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ـ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرغۇچى بىردىنبىر ئادەتتىن تاشقىرى ئىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، دۇنيادا «يەتتە چوڭ مۆجىزە» دەپ ئاتالغان يادىكارلىقلاردىن مىسىردىكى پىرامىدا ، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى، ھىندىستاندىكى تاجمەھەل ۋە باشقىلار، شۇنداقلا بۇرۇنقىلارنىڭ قولىدىن كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ نەزىرىدە پەۋقۇلئاددە سانالغان سىرلىق ئىشلار زامانىمىز كىشىلىرى نەزىرىدە مۆجىزە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

---

(1) ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

مۆجىزىنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى ـ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكلىرىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى كىم ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ھەمدە ساماۋى دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تاماملىغۇچى، بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملانغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ** ﴾يەنى﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر﴾[1] .

سوئال: پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرى ھەق ۋە راستتۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە كەم ـ زىيادە قىلماستىن، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئادا قىلغان ئۇلۇغ زاتلاردۇر.

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار

سوئال: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى توغرۇلۇق﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ الْمُرْسَلِينَ﴾ يەنى ﴿نوھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلدى﴾ دېيىش ئارقىلىق، بىرلا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغانلىق، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ھالبۇكى، ئۇ ۋاقىتتا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەن ۋە ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغىلا ئىنكار قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، خرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنكار قىلىپ،

ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە نامى تىلغا ئېلىنىپ، پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلىنگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

2. قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇھ ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە تەپسىلىي؛ قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئومۇمىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئۇلاردىن سادىر بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ ئىسپاتلانغان ـ خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

4. بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ نىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش. ﴿ **فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِيٓ أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيماً** ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1] .

---

(1) نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن، ساماۋى دىنلارنى تولۇقلىغان ۋە بۇ دىنلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەر بىر پەيغەمبەر بىر مەخسۇس مىللەت ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك بۈرچىنى زىممىسىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە رولى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ دەيدىغان ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل ، فىل يىلى رەبىئولئەۋۋەل ئايىنىڭ 9ـ كۈنى(يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، 12 ـ كۈنى) دۈشەنبە كۈنلۈكتە، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئائىلىسى بولغان بەنى ھاشىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن كەنانە قەبىلىسىنى تاللىدى، كەنانە

قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم ئوغۇللىرىنى، ھاشىم ئوغۇللىرىدىن مېنى تاللىدى»[1] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە تونۇلغان، ھەتتا ئۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىشەنچلىك مۇھەممەد»، «راستچىل مۇھەممەد» دېگەنگە ئوخشاش ئېسىل ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى**

ئۇ قىرىق ياشقا يەتكەن چېغىدا ئاللاھ جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مەككىدە ئاۋۋال ئۈچ يىل يوشۇرۇن، كېيىن 10 يىل ئاشكارا، جەمى 13 يىل ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدۇ. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەۋر ـــ زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەككىنى تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدۇ. ئۇ، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، كۈندىن ـ كۈنگە مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشى نەتىجىسىدە، مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇردۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەدىنىدە تەشكىللەنگەن ئون مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى مەككە شەھرىنى مۇشرىك كۈچلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كىرگۈزىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 632ــ يىلى، ھىجرىيەنىڭ 11ــ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئاينىڭ 12ــ كۈنى دۈشەنبە كۈنلۈكتە 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بۇ قەدەر مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇنىڭدىن كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خالىغان كىشى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابقا مۇراجىئەت قىلسۇن.

سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر مىڭلاپ بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلگەن ھېسسىي ۋە مەنىۋى مۆجىزىلەر، غەيبتىن خەۋەر بېرىشى، باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا بېرىلگەن بېشارەتلەر ۋە ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىدىكى جانلىق پاكىتلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزە قۇرئان كەرىمدۇر.

مۆجىزە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلگەن زامان ۋە ماكانلىرىنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ هالدا هەرخىل، هەر تۈرلۈك بولغان، مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوت تەسىر قىلمايدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن، هەتتا ئونى زالىم نەمرۇد ئوتقا تاشلىغاندىمۇ، ئۇ، ئوتتا كۆيمىگەن. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا چۈشلەرگە توغرا تەبىر بېرىش مۆجىزىسىنى يارىتىپ بەرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولىدىكى هاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان، هەتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز هەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا، ئۇششاق تاشلارنىڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىشى، دەرەخنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىشى، ئاز تاماقنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆپ كىشىنى تويغۇزۇشى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىشى ۋە باشقىلار قاتارلىق هېسسىي مۆجىزىلەر، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت دائىملىق مەنىۋى مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن.

مۆجىزە ـ ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بويىچە، هەر بىر دەۋرنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ دەۋردىكى ئەڭ يۈكسەك تەرەققىياتنى بېسىپ چۈشىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن، شۇ دەۋردىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن كەلگەن. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى، سېھىرگەرلىكتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا

ھاسىسىنى بىر ئانىدا ئەجدىھاغا ئايلاندۇرالايدىغان، قولىنى چىراغدەك ياندۇرالايدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇ زامانىدىكى پۈتۈن سېھىرلەرنى بەرباد قىلىپ تاشلاپ، سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر ھالغا چۈشۈرگەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى، تېبابەت ئىلمى پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغان بىر دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاق كېسەلنى ۋە تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئىسرائىل قەۋمىنى ئىمانغا كىرگۈزگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە كەلسەك، بۇ دەۋردىكى ئەرەبلەر ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتتە ئىنتايىن زور تەرەققىي تاپقان بولۇپ، رەقىبلىرىگە شېئىر بىلەن تاقابىل تۇراتتى، بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئەرەب»يەنى (تىللىق راۋان)، ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەتلەرنى«ئەجەم» يەنى(تىلسىز) دەپ ئاتايتتى. ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق بىر دەۋرگە مۇناسىپ ھالدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر قانداق بالاغەت، پاساھەت ۋە بەدىئىيلىكلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋە ئۇنىڭ مۇنازىرىسى ئەسىرلەر بويى كۆچىدىن قالمايدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە - قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يوققا چىقاردى. ھەتتا ئۇلار بەدىئىيلىك جەھەتتە قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئەمەس، بەلكى ئون ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالغانلىقلىرىنى ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلدى. مانا بۇلار

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋالىرىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

## قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر

ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى بولغىنىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ مۆجىزىلىرى بولغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي، ھېسسىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى مۆجىزىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىيات ساھەسىدە كامالغا يەتكەن ئەرەبلەرنى قايىل قىلغان بولسا، ھازىرمۇ ئىلىم ئىگىلىرىنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە. زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى مەيدانغا كەلگەنمۇ؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن:

1.ئاينىڭ يېرىلىشى

مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ بېرەلەيسەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ۋەقەلىكنى شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان،

كــاپىر ھەممىســى ئــۆز كــۆزلىرى بىــلەن كــۆرگەنلىكىنى مەشــھۇر ساھابىلەردىن ئــۆمەر ئىــبنى خەتتــاب، ئىــبنى مەسئۇد، ئىــبنى ئــۆمەر، ئىــبنى ئاببــاس، ئەنەس ۋە باشــقىلار ســۆزلىگەن. ئىمــام بۇخــارى «ســەھىھۇلبۇخارى»نــاملىق شــانلىق ئەســرىدە بــۇ ۋەقەلىكنىــڭ يــۈز بەرگەنلىكىنــى تۈرلــۈك دەلىللــەر بىــلەن ئىسپاتلىغان. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىك توغرۇلـۇق مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ **اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ. وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُــوا سِــحْرٌ مُسْتَمِرٌّ** ﴾يەنى ﴿قىيـامەت يېقىنلاشـتى، ئـاي يېرىلـدى، (كۇففـارلار) بىــرەر مــۆجىزىنى كۆرســىلا (ئىمانــدىن) يــۈز ئــۆرۈپ، بــۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر»دېيىشىدۇ﴾[1] .

2. ئىسرا ـ مىراج

ئــاللاھ تائــالا مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامنى بىــر كېچىــدىلا مەككىــدىكى مەســجىدى ھەرەمــدىن پەلەســتىندىكى مەســجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغـان. بـۇ ۋەقە «ئىسـرا»يەنـى (كېچىـدە يـۈرۈش) دەپ ئاتالغــان. يەنە شــۇ كېچىــدە ئــۇنى يەتتىنچــى ئاســمانغىچە ئېلىــپ چىققــان، شــۇ جايــدا ئۇنىڭغــا ۋە ئــۈممەتلىرىگە بەش ۋاخ نامــازنى پەرز قىلغــان. بــۇ ۋەقە «مىــراج » يەنــى (ئــۆرلەش) دەپ ئاتالغـــان. بەش ۋاخ نامازنىـــڭ «مۇســـۇلمانىنىڭ مىراجـــى» دەپ ئاتالغـانلىقىمۇ بـۇ سـەۋەبتىن ـ ئۇنىـڭ مىـراج كېچىسـى يەتتىنچـى ئاسـماندا پەرز قىلىنغـانلىقى سـەۋەبتىن ـ ئىـدى. ئـاللاھ تائـالا بـۇ ۋەقەلىكنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:﴿ **سُبْحَانَ ٱلَّــذِي أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِ لَيْلاً مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَىٰ ٱلْمَسْجِدِ ٱلأَقْصَــى ٱلَّــذِي**

(1) قەمەر سۈرىسى1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَآ إِنَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ ﴾ يەنى ﴿بىر كېچىدە، ئۇنىڭغا قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتەيلى دەپ، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى مەسجىدى ھەرەمدىن بىز ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇر. شەكسىزكى، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] .

ئاللاھ تائالا مىراج توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ ذُو مِرَّةٍ فَٱسْتَوَىٰ. وَهُوَ بِٱلْأُفُقِ ٱلأَعْلَىٰ. ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّىٰ. فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَىٰ. فَأَوْحَىٰ إِلَىٰ عَبْدِهِ مَآ أَوْحَىٰ مَا كَذَبَ ٱلْفُؤَادُ مَا رَأَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن يېقىنراق يېقىنلاشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ بەندىسىگە (تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى ﴾[2] .

3. بوران ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇنىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقى

مەككە مۇشرىكلىرى بارلىق ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنتايىن زور قوشۇن تەييارلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرە

(1) ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

(2) نەجم سۈرىسى 6 ـ11 ـ ئايەتلەر.

شـەھىرىگە بىپسـىپ كەلگەنـدە، مۇسـۇلمانلار مەدىنىنـى مـۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئـۆزلىرى ئۈنىـڭ ئەتراپىغـا كولىغـان خەنـدەكنىڭ بىـر تەرىپىـدە، مۇشـرىك قوشـۇنلىرى ئۇنىـڭ قارشـى تەرىپىـدە تـۇراتتى. تۇسـاتتىن قـاتتىق بـوران چىقىشـى بىـلەن مۇشـرىك قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلىرى، سۇلىرى، ئـات ـ ئـۇلاغلىرى ئەجەللىـك ۋەيرانچىلىققـا ئۇچرايـدۇ. مۇشـرىك قوشـۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسـى ئـاللاھ تائـالا ئەۋەتـكەن نـامەلۇم قوشـۇن تەرىپىـدىن ئۆلتۈرۈلـدۇ. قالغانلىرى قاچىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام بىـلەن ساھابىلىرى بولسـا غەلىـبە قىلىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بـۇ ۋەقەلىكنـى مۇسـۇلمانلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيـدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ ٱذْكُـرُواْ نِعْمَـةَ ٱللَّـهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَآءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحاً وَجُنُوداً لَّمْ تَرَوْهَا وَكَـانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيراً﴾ يەنـى ﴿ئـى ئىمـان ئېيتقـانلار! ئاللاھنىـڭ سىلەرگە قىلغـان نېمىتىنـى ئەسـلەڭلار، ئـۆز ۋاقتىـدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشچى) قوشـۇن كەلـگەن ئىـدى. بىـز ئۇلارغـا قارشـى بـوران ۋە سـىلەرگە كۆرۈنمەيـدىغان قوشـۇن (پەرىشـتىلەرنى) ئەۋەتتـۇق.(ئۇنۇتمـاڭلاركى) ئـاللاھ سـىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] .

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ئەسناسـىدا ئۇنىڭغـا پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم قىلغانلىقى

مەكـكە مۇشـرىكلىرى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ئۆلتـۈرۈش ئۈچـۈن ئۇنىــڭ ياتقــان ئــۆيىگە كىرىــدۇ. ئەممــا مــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ھەمراھـى ئەبـۇبەكرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـلەن ئاللىقاچان مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىپ بولغـان ئىـدى. قـۇرەيش

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

كـاتتىلىرى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ئۆلـۈك ياكى تىرىـك تۇتـۇپ كەلـگەن ئـادەمگە 100 تـۆگە مۇكاپـات بېرىـدىغانلىقىنى ئـېلان قىلىـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن ئۇلارنىـڭ سـەھرا يولباشـچىلىرى 100 تـۆگىگە ئېـگە بولۇشـنىڭ مەسـتانىلىكىدە، بـۇ ئىككىسـىنى قوغلاشـقا كىرىشــىدۇ. مەشــھۇر ســەھرا يولباشچىســى ســۇراقە مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام بىــلەن ھەمراھــى ئەبــۇ بەكرىنىــڭ يوشــۇرۇنۇۋالغان غــاردىن چىققىنىنــى كــۆرۈپ ئارقىســىدىن قوغلايــدۇ. ســۇراقە پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسـالامغا يېقىنلىششـى بىـلەن ئېتىنىـڭ ئىككـى پـۇتى قورسـىقىغا قەدەر قۇمغـا پېتىـپ قالىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بـۇ قىسسـىنى مۇنـداق بايـان قىلىـدۇ:﴿ **إِلاَّ تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي ٱلْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لاَ تَحْزَنْ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَا فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَّمْ تَرَوْهَا** ﴾ يەنـى ﴿ئەگەر سىلەر ئاللاھنىـڭ پەيغەمبىرىگە يـاردەم قىلمىساڭلار (ئـاللاھ يـاردەم قىلىـدۇ)، ئـاللاھ ھەقىـقەتەن ئۇنىڭغـا يـاردەم قىلغـان ئىـدى. ئـۆز ۋاقتىـدا كـاپىرلار ئـۇنى (مەككىـدىن) ھەيـدەپ چىقارغـان ئىـدى. ئۇنىڭغـا (ئەبـۇ بەكرىدىن ئىبارەت) بىرلا كىشى ھەمـراھ ئىـدى. ئەينـى زامانـدا ئـۇ ئىككىسـى غـاردا ئىـدى. ئـۇ، ھەمراھىغـا: «غەم قىلمىغىـن، ئـاللاھ ھەقىــقەتەن بىــز بىــلەن بىلــله» دېگەنــدە، ئــاللاھ ئۇنىڭغــا خاتىرجەملىــــك بېغىشـــــلىغان، ئۇنىڭغـــــا ســــىلەر كۆرمىگەن(پەرىشــتىلەردىن بولغــان) قوشــۇنلار بىــلەن مەدەت بەرگەن ئىدى﴾[1] .

5. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ بارماقلىرىنىـڭ ئارىسـىدىن

(1) تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

سۇ چىققانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك باشچىلىقىدىكى بىر تۈپ ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالغانىدى، تاھارەت ئېلىشقا يېتەرلىك سۇ يوق، پەقەت بىرلا قاچىدا ئازراق سۇ قالغان ئىكەن. بىز بۇ سۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغان ئېلىپ كېلىشۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىدىكى سۇغا قولىنى سېلىپ تۇرۇپ، بىزلەرنى "كېلىڭلار، تاھارەت ئېلىڭلار"دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇلاقتەك سۇلار چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىز تاھارەت ئالدۇق. سانىمىز 300 دىن كۆپرەك كىشى ئىدى»[1] .

بۇ مۆجىزىنىڭ مۇندىن باشقىمۇ ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقى ھەققىدە كەلگەن باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

6. ئازغىنە تاماقنىڭ كۆپ كىشىنى تويغۇزغانلىقى

مەدىنىدە خەندەك كولاش پائالىيىتىگە قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ بىرەدەك رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەك كولاۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەممىمىزنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ئىدى. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر قانچە ساھابىلىرى بىلەن غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قوي سويغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك مەيدانىدىكى ھەممىمىزنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. سانىمىز 1000دىن كۆپرەك

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تاماققا دۇئا قىلىشى بىلەن بۇ تاماق شۇنچىلىك بەرىكەتلىك بولۇپ كەتتىكى، بىز ئارقا-ئارقىدىن جابىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تويغىچە غىزالاندۇق»[1] .

7. ياغاچنىڭ يىغلىغانلىقى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدى خورما دەرەخلىرى بىلەن تۈرغۈزۇلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەمىشە مەسجىدتىكى بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. كېيىنچە مەسجىدكە مۇنبەر ياسىلىپ، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى تۈۋرۈككە يۆلەنمەستىن، شۇ مۇنبەردە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدىغان بولدى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇۋاتقىنىدا ھېلىقى ياغاچتىن خۇددى كىچىك بالىنىڭ يىغىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاتتىق يىغا چىقىپ كەتتى، مەسجىد ئەھلى دەسلەپتە ئالاقزەدە بولۇپ كېتىشتى، كېيىنچە ئۇلارمۇ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ بۇ ياغاچقا مۇبارەك قولىنى قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ يىغىسى بېسىلدى»[2] .

8. قەتادەنىڭ كۆزىنىڭ شىپا تاپقانلىقى

قەتادە ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ ئۇھۇد غازىتىدا يارىلىنىپ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەنىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىنى مۇبارەك قولى بىلەن تۇتۇپ ئورنىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى ھېچنەرسە بولمىغاندەكلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ "بۇ كۆزۈم يەنە بىر ساق كۆزۈمدىنمۇ

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.

بەكىرەك كۆرىدىغان بوپقالدى" دېگەنلىكىنى كۆپلىگەن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى مۆجىزىلەرنىڭ ھەربىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلگەن مەزكۇر مۆجىزىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ــ مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن ـ ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغان.

## قەدىمكى كىتابلارنىڭ بېشارەتلىرى

بۇرۇنقى دىنىي كىتابلاردىكى بېشارەتلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا يەھۇدىي، خىرىستىيان، مەجۇس(ئاتەشپەرەس)، ھىندۇس، بىراھما ۋە باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا كۆپلىگەن بېشارەتلەر كەلگەن. ھېچكىم بۇ بېشارەتلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا يېزىۋالغان دەپ گۇمان قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ بېشارەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بىرقانچە ئەسىرلەر بۇرۇن بېرىلگەن. يۇقىرىقى دىنلارنىڭ كىتابلىرى نۇرغۇن قېتىملىق ئۆزگەرتىلىش ۋە يەڭگۈشلىنىشكە قارىماي بەزى بېشارەتلەر ساقلىنىپ قالغان. تۆۋەندە مەزكۇر بېشارەتلەردىن بىرقانچە مىسال بېرىلىدۇ:

## تەۋراتنىڭ بېشارەتلىرى

تۆۋەندە تەۋراتتىن بەش بېشارەت بايان قىلىنىدۇ:

1. «رەب مۇساغا ‹ئۇلار ئۇچۇن ئۆز قېرىنداشلىرى ئىچىدىن

ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىمەن ۋە سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن›دېدى»[1] .

تەۋراتنىڭ بۇ تېكستى ئىنجىلدىمۇ تىلغا ئېلىنغان: «مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادىغا:‹رەب سىلەرگە قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىدۇ. ئۇ نېمە دېسە شۇنى ئاڭلايسىلەر› دېدى»[2] .

مەشھۇر خىرىستىيان دىن ئالىمى بۇشرا زۇخارى مىخائىل (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن يازغان) «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىنجىلنىڭ بېشارەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ باشقىمۇ بابلىرىدا كۆپلەپ قەيت قىلىنغان يۇقىرىقى تېكىستتىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مەيدانغا كەلگەن يەنى ئىسرائىل (ئىسرائىل ئوغۇللىرى)غا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن›دېگەن سۆزى، ئىسھاقنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىشارەتتۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئەرەب بولۇپ، ئۇلاردىن كەلگەن پەيغەمبەر يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن يۇشەئ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئىسھاق ۋە ياقۇب (ئىسرائىل)نىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. بۇ سەۋەبتىن يۇشەئ بىلەن ئىيسا

(1) تەۋرات«تەسنىيە»بابى 18. تېكست.
(2) مەتتا ئىنجىلى«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»بابى 22 ـ تېكست.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىرى بۇ بېشارەتتىكى پەيغەمبەر بولالمايدۇ. ئەگەر بېشارەتتىن ئۇلار مەقسەت قىلىنغان بولسا ئىدى، بېشارەتنىڭ تېكىستى‹قېرىنداشلىرىڭلار ئىچىدىن› ئەمەس، ‹سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن› دېيىلگەن بولاتتى.

يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ماڭا ئوخشاش»دېگەن سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى يۇشەئ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىدە، ئېلىپ كەلگەن قانۇنلىرىدا ۋە باشقا كۆپلىگەن مەسىلىلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىگە قارشى جىھاد قىلدى ۋە ئۇلارنى يەڭدى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ پىرئەۋنگە قارشى جىھاد قىلدى ۋە ئۇنى يەڭدى. مۇندىن باشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى(دىنىي قانۇنى) جىھاد، قانۇن ـ پىرىنسىپ، جازا قانۇنلىرى ۋە باشقىلار قاتارلىق 20گە يېقىن خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزگىچىلىكلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، يۇشەئ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايدۇ. يۇشەئ ئەلەيھىسسالامغا بىرەر كىتاب چۈشكىنى يوق، ئۇ جىھاد قىلغىنى يوق. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈممۇ ئوخشىمايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغان بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەن. «شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن

مۇساغا ئوخشاش بىرەر پەيغەمبەر كەلگىنى يوق»[1] .

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تېكىستتىكى «سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن» دېگەن سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىگەنلىرىنى يادلىۋېلىپ شۇ بويىچە ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزىدىغان ئۇممى (ساۋاتسىز) پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن يەھۇدىيلار تەۋراتتا بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇلار كۈتكەن پەيغەمبەر ئىيسا ئەلەيھىسسالام ياكى يۇشەئەلەردىن بىرى ئەمەس ئىدى. چۈنكى يۇشەئ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن كىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقان پەيغەمبەر. ئۇنداقتا ئۇلار كىمنى كۈتەتتى؟ شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۈتەتتى».

2. «رەب سىينادىن كەلدى، ئۇلارغا سائىردىن ئاشكارا بولدى، پاران تاغلىرىدا پارلىدى ۋە ئون مىڭلارچە مۇقەددەسلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى»[2] .

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «سىينادىن كەلدى»دېگەن سۆز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىرنىڭ تۇرسىينا تېغىدا ئىلاھىي تەلىماتلارنىڭ بېرىلگەنلىكىگە، «سائىردىن ئاشكارا بولدى»

(1) تەۋرات »تەسنىيە« 34 ـ تېكىست.

(2) تەۋرات«تەسنىيە» 33 ـ تېكىست.

سۆزى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىروسالىمغا يېقىن بولغان سائىر دېگەن جايدا ئىنجىلنىڭ بېرىلىدىغانلىقىغا ۋە «پاران تاغلىرىدا پارلىدى» سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. «پاران»نىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى «فاران» بولۇپ، مەككىنىڭ قەدىمىي ئىسىملىرىدىن بىرى. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش بابى» 21ـ تېكىستىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ فاران چۆللىرىدە هايات كەچۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى» سۆزىمۇ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىهادقا ئىشارەت قىلىدۇ.

هازىرقى خىرىستىيان پوپلىرىدىن ئىبراهىم خەلىل ئەهمەد (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسمىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان) تەۋراتنىڭ بۇ تېكىستى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تېكىستتىكى خەۋەرلەر مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلىگەن بېشارەتتۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ:﴿**وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيْتُونِ. وَطُورِ سِينِينَ. وَهَـٰذَا ٱلْبَلَدِ ٱلْأَمِينِ**﴾يەنى ﴿ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى، سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى، بۇ تىنچ شەهەر (مەككە) بىلەن قەسەمكى..﴾[1] بۇئايەتلەر مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىيسا

(1) تىن سۈرىسى1 ـ3 ـ ئايەتلەر

ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان پەلەستىن تارىختىن بىرى ئەنجۈر بىلەن زەيتۇنغا مەشھۇردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە تەۋرات بېرىلگەن جاينىڭ نامى تۇرسىينا تېغى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ۋە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن جاينىڭ نامى مەككىدۇر».

3. ئالللاھ تائالا تەۋراتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئىلاھ ئەمەس نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئارقىلىق مېنى غەزەپلەندۈردى. مەنمۇ ئىنئامىمنى بىلمىسىز، قالاق بىر قەۋمگە ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قىزغاندۇرىمەن»[1] .

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «بىلىمسىز، قالاق قەۋم» دېگەن جۈملىدە ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئەرەبلەر ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى دۇنيادا ئەڭ قالاق، بىلىمسىز ۋە ۋەھشىي بىر قەۋم ئىدى، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن بىرەر پەيغەمبەرمۇ كەلمىگەن. يەھۇدىيلار ئەرەبلەرنى دېدەك ئايالنىڭ ئەۋلادى دەپ ئەيىبلەيتتى ۋە ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ، جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادى بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھاجەر (مىسىر پادىشاھى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن قوشۇپ بېرىلگەن خىزمەتچى ئايال)دىن تۇغۇلغان، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاتىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئايالى سارەدىن تۇغۇلغان بولغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئەرەبلەردىن ئۈستۈن كۆرەتتى.

---

(1) تەۋرات«تەسنىيە» 21:32.

يــۇقىرىقى تېكىســتتىكى بېشــارەت ئىيســا ئەلەيھىســسالامنى كۆزدە تۇتمايدۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىيســا ئەلەيھىســسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەۋلادىدىن قىزغانمايدۇ. قىزغىنىش پەقەت ياتلارغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانالغانلارغا كەلگەن ئامەتنى كۆرەلمەسلىكتىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَابَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِي ضَلالٍ مُّبِينٍ ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى ئۇلار بۇرۇن ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى﴾[1] .

4. تەۋراتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان مۇنۇ ۋەدىسى قەيت قىلىنغان:«سېنىڭ نەسلىڭدىن بولغان ئىسمائىل(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھاجەردىن تۇغۇلغان ئوغلى)دىن كىشىلەرگە يولباشچى بولىدىغان ياخشى ئۇممەت چىقىرىمەن». ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىدەك كىشىلەرگە يولباشچى بولىدىغان ياخشى ئۇممەت مەيدانغا كېلىپ باققان ئەمەس. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿كُنْتُمْ

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 164ـ ئايەت.

﴿خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ﴾ يەنى﴿ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتكە مۇۋاپىقلىشىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى بىنا قىلىۋېتىپ ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ئىدى. ئۇلار مۇنداق دۇئا قىلغان﴿.....رەببىمىز! ئەۋلادلىرىمىز ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى، ھېكمەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (ھەر تەرەپتىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن﴾[2] .

تەۋراتنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى توغرۇلۇق بەرگەن بېشارەتلىرىدە، ئۇنىڭ نامى ئۇلۇغلىنىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ تۆگىگە مىنىدىغانلىقى، قىلىچ تۇتۇپ جىھاد قىلىپ ئۆزى ۋە ساھابىلىرى غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دۇرۇت ئوقۇلىدىغانلىقى(بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازلىرىدىكى تەشەھھۇدلىرىدا ئېيتىلىدۇ) ۋە ئىككى تارىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك ئالامىتى بارلىقى قەيت قىلىنغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تارىقى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك ئالامىتى بار ئىدى.

5. تەۋراتتا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن:

---

1 ئال ئىمران سۈرىسى110- ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى129- ئايەت.

«.... ئەمما تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ۋە مەن بۇيرۇمىغانلارنى مېنىڭ نامىمدىن ياكى باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدىن سۆزلىگەن پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلىدۇ»[1] . بۇ تېكىستتە يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئالدامچىلارنىڭ چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ ٱلْأَقَاوِيلِ. لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِٱلْيَمِينِ. ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ ٱلْوَتِينَ ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق﴾[2] دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن ئىسپاتلاندىكى، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋا قىلىپ چىققان بىر كىشى بولسا ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى. يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرەلمىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىهادلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپتە بولغان ۋاقىتلىرىدىمۇ دۈشمەنلەر ئۇنى يارىدار قىلالىغان بولسىمۇ ئۆلتۈرەلمىگەن. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ﴿ وَٱللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ ﴾يەنى﴿ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلايدۇ﴾[3] .

---

(1) تەۋرات«تەسنىيە» 18: 21.

(2) ھاققە سۈرىسى44 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

(3) مائىدە سۈرىسى 67ـ ئايەت.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان ھالدا ئاخىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## ئىنجىلنىڭ بېشارەتلىرى

ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىلنىڭ ئاللىبۇرۇن يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىللارنىڭ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغانلىقى پۈتكۈل خىرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئىتتىپاقلا كېلىشكەن ھەقىقەتتۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام نامىدىن كۆپلىگەن ئىنجىللار يېزىپ چىقىلدى. مىلادىيەنىڭ 325ــ يىلى ئىمپېراتور كونىستانتىن (KONSTANTIN)نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھازىرقى تۈركىيەنىڭ «ئىزنىك» دېگەن يېرىدە مىڭدىن كۆپرەك خىرىستىيان دىنىي ئالىملىرى يىغىلىپ بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، شۇ ۋاقىتتىكى 70 تىن كۆپرەك ئىنجىلدىن ئاپتورلىرى بىر قەدەر مەشھۇرراق بولغان 4 ئىنجىلنى تاللاپ چىقىدۇ ۋە قالغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا كۈچكە ئىگە دەپ تاللاپ چىقىلغان مەشھۇر 4 ئىنجىلنى «مۇقەددەس كىتاب» ياكى «يېڭى ئەھد»دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى 4 ئىنجىل يۇھەننا، مەتتا، لۇقا ۋە ماركوس ئىسىملىك 4 شەخسنىڭ يېزىپ چىققان ئىنجىللىرىدۇر. شۇ ۋاقىتتا چەكلەنگەن ئىنجىللار ئىچىدە بەرنابا ئىنجىلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنجىلمۇ بار ئىدى. بۇ ئىنجىلنى شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن

خرىستىيان دىن ئادەملىرى يوشۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇ مەشھۇر 4 ئىنجىل قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ مەشھۇر پوپ فرامىنو دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئىنجىلدا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قەيت قىلىنغان ھەمدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكىمۇ قەيت قىلىنغان. ھازىرقى زامان مەشھۇر پوپلىرىدىن دوكتور چارلىز فرانس «ئىيسادىن كېيىن يوقالغان ھەقىقەتلەر ئىچىلماقتا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەرنابا ئىنجىلى يېزىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېركاۋلار ئۇنى يوشۇرغان. ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىدىن يېڭى قېزىلغان قوليازمىلار بەرنابا ئىنجىلىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقتا».

ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىدىن قېزىلغان ساپال كوزىلار ئىچىدىن قەدىمكى قوليازمىلار چىققان. بۇ قوليازمىلارنى ئېئوردانىيە پادىشاھلىقى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە دوكتور د.ف. برايت بۇ قوليازمىلارنىڭ ئىنجىللارنى تەتقىق قىلىش ئىلمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «بۇ قوليازمىلارنىڭ راست ئىكەنلىكىدە دۇنيادا ھېچكىم قىلچە شەك قىلالمىدى. بۇ قوليازمىلار بىزنىڭ خرىستىيانلار توغرىسىدىكى كۆز قارىشىمىزدا ئىنقىلاب قوزغىماقتا». ۋاشىنگتون چېركاۋلىرىنىڭ باش رەئىسى پوپ ئا. پاۋۇل «ئۆلۈك دېڭىز قوليازمىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆلۈك دېڭىز قوليازمىلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئەھمىيەتلىك چوڭ كەشپىياتلارنىڭ بىرى. ئۇ بىزنىڭ ئىنجىلغا بولغان تەقلىدىي چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە».

ئۆلۈك دېڭىزدىن تېپىلغان بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىرىدە: « ئىيسا خرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە بىر پەيغەمبەر بار»دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بەرنابا ئىنجىلىنىڭ ھەممە خرىستىيانلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى بېشارەتلەر توغرۇلۇق توختىلىشىنى ھاجەتسىز دەپ قارايمىز ۋە تۆۋەندە پۈتكۈل خرىستىيان دۇنياسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان مەشھۇر 4 ئىنجىلدە ساقلىنىپ قالغان بەزى بېشارەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

1.مەتتا ئىنجىلىدا يەسۇئ (ئىنجىللاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەسۇئ دەپ قەيت قىلىنغان) مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە بىناكار قويۇپ كەتكەن تاش بىنادىكى بىر بوش ئورۇن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. بۇ بوش ئورۇن رەب تەرىپىدىن تۆرنىڭ ئىگىسى( ھۆرمەتكە سازاۋەر) بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويماقچىمەنكى، ئاللاھنىڭ بۇ ئىنئامى چوقۇم سىلەردىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى چىقىرالايدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ»[1] .

يۇقىرىقى تېكىستلەردە پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ روھىي بويىچە ئەمەل قىلىدىغان

(1) مەتتا ئىنجىلى 11ـ 12ـ 13 ـ تېكىستلەر.

بىر مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇ مىللەتنىڭ شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مېنىڭ ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر بىناغا ئوخشايدۇكى، بۇ بىنا ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئېسىل سېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ تۆر تەرىپىدە بىر خىشنىڭ ئورنى بوش قويۇلغان، بۇ بىنانى كۆرگەن كىشىلەر "مۇشۇ بوش ئورۇنغا بىرلا خىش قويۇلغان بولسا بۇ بىنا تولۇق پۈتەر ئىكەن" دېيىشىدۇ. شۇ بوش ئورۇنغا قويۇلغان خىش مانامەن. مېنىڭ كېلىشىم بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملاندى»[1] .

2. «يەسۇئ مۇنداق دېدى ‹مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياىكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى. مەن چوقۇم سىلەردىن ئايرىلىمەن. ئەگەر مەن ئايرىلمىسام رەب سىلەرگە فاراكلېتنى ئەۋەتمەيدۇ› »[2] .

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «فاراكلېت» سۆزى ئەرەبچىدىكى «مۇھەممەد» ۋە «ئەھمەد» دېگەن ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى بۇ سۆزنى خىرىستىيانلارغا قارشى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما خىرىستىيان ئالىملىرىغا كۆرە، «فاراكلېت» دېگەن سۆز ئەسلىدە گىرېك تىلىدىكى «پېرىكلىتوس»سۆزىنىڭ بۇزۇپ قوللىنىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇچى» ياكى «مۇئەللىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلدىكى ئىسمى ئەھمەد ئىكەنلىكى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) يۇھەننا ئىنجىلى18:16.

بايان قىلىنغان.

3. يۇھەننا ئىنجىلىدا قىبلىنىڭ بەيتۇلمەقدىستىن ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قىبلە ئۆزگەرتىلگەن ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىلا ئۆزگەرتىلگەن. يۇھەننا ئىنجىلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سامىرىيەنىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن دىئالوگتا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇيدىغان قىبلىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا مەلۇم بىر جايغا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «سامىرىيەنىڭ ئايالى يەسۇئ (ئىيسا)غا" بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ تاغقا قاراپ سەجدە قىلاتتى. سىلەر سەجدە قىلىشقا لايىق جاي ئىروسالىم (بەيتۇلمەقدىس)دا دەۋاتىسىلەر"دېدى. يە سۇئ بۇ ئايالغا" ھەي ئايال! ئىشەنگىنكى بىر زامان كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا سىلەر ئىروسالىمدىمۇ ئەمەس، بۇ تاغدىمۇ ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر جايدا ئاللاھقا سەجدە قىلىسىلەر" دېدى»[1] .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَمَا ٱللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ** ﴾يەنى ﴿بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. مانا ئەمدى سېنى چوقۇم

(1) يۇھەننا ئىنجىلى 4 ـ باب 20 ـ 24 ـ تېكستلەر.

سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئەھلى كىتاب قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس﴾[1].

4. مەتتا ئىنجىلىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتتا بىشارەت بەرگىنىدەك ـ پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېتىشتۈرىدىغان باشقا بىر مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئاللاھنىڭ بۇ ئىنئامى سىلەردىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى چىقىرالايدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ»[2].

5. يۇھەننا ئىنجىلىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «مېنىڭ سىلەرگە دېمەكچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. لېكىن سىلەر ھازىر بۇ سۆزلەرنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىشقا تاقەت قىلالمايسىلەر. ھەقىقىي روھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) كەلگەندە، ئۇ سىلەرگە ھەممە ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بەلكى

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 ـ ئايەت.
(2) ئىنجىل مەتتا 21 ـ باب 42 ـ تېكىست.

ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەيدۇ. سىلەرگە كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىدۇ»[1] .

يۇقىرىقى تېكىستلەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىدىغان، ئۆز خاھىشىدىن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدىغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر پەيغەمبەردىن بېشارەت بېرىلگەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرەلەيدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلگىنى يوق ۋە كەلمەيدۇ!

يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ يۇقىرىقى تېكىستىدىكى «ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ: ﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰ.إِنْ هُوَ إِلاَّ وَحْيٌ يُوحَىٰ ﴾يەنى ﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا چۈشكەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى تەۋرات بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن يەر يۈزىدىن يوق قىلىنغانلىقى ۋە ھازىرقى تەۋرات ۋە ئىنجىل نۇسخىلىرىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان كىتابلار ئىكەنلىكىگە يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلار ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. كىشىلەر تەرىپىدىن

(1) ئىنجىل يۇھەننا6 ـ باب 12 ـ 13 ـ تېكىستلەر.

(2) نەجم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر

يېزىپ چىقىلغان مەزكۇر تەۋرات ۋە ئىنجىللارمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرخىل ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشلارغا ئۇچرىغانلىقى، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي ئالىملىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى ئوچۇق ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى روشەن بېشارەتلەرنى يوقىتىۋەتكەن. ھىندىستانلىق دىنلار تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى مەشھۇر ئالىم رەھمەتۇللاھ ھىندىي «ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتلىنىشى»ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقىقەت قىلچە شەك قىلغىلى بولمايدىغان كەسكىن دەلىل ۋە پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان.

ھازىرقى تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە ھازىرقى زامان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان پوپلىرى ۋە ئالىملىرىمۇ ئىقراردۇر. بۇشرا زۇخارى مىخائىل «مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىنجىللاردىكى بېشارەتلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پوپلار ئىنجىللارنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەرخىل ئىنجىللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ۋە يەڭگۈشلەش ئىشلىرىنىڭ پوپلار قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ». ئابدۇلئەھەد داۋۇد ئەشۇرىي (ئەسلى ئىسمى مېتىرات مەۋسەل) «ئىنجىل ۋە كىرېست » ناملىق ئەسىرىدە خىرىستىيانلارنىڭ ئىنجىللاردىكى بېشارەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: « خىرىستىيانلارنىڭ ئېغىزلىرىدا جارى بولۇپ كېلىۋاتقان"ماختاش يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللاھقا، تىنچلىق

زېمىن ئەھلىگە ۋە خۇشاللىق كىشىلەرگە يار بولسۇن"دېگەن تېكىستىنىڭ ئەسلىسى"ماختاش يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللاھقا، ئىسلام زېمىن ئەھلىگە بولسۇن ۋە ئەھمەد كىشىلەرگە يار بولسۇن" ئىدى». ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلدا «ئەھمەد» دەپ ئاتالغانلىقىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَإِذْ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ يَٰبَنِي إِسْرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَمُبَشِّرًۢا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِنۢ بَعْدِي ٱسْمُهُۥٓ أَحْمَدُ** ﴾يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا ئېيتتىكى: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ئۆزۈمدىن ئىلگىرىكى تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى ۋە مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى بولغان ھالدا، سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاللاھ ئەلچىسىمەن»﴾[1]

## تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن باشقا دىنىي كىتابلاردىكى بېشارەتلەر

1. بىراھما دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ساما فېدا»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەھمەد رەببىدىن بىر دىن تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ پەقەت ھېكمەت بىلەن تولغان»[2] .

2. مەجۇسىي (ئاتەشپەرەسلەر)دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى « زېند ئافستا» دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئاللاھ پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭغا ئەبۇلەھەب ئىسىملىك بىرى

(1) سەف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ساما فېدا 2 ـ توم 6 ـ 8 ـ تېكىستلەر.

دۇشمەنلىك كۆرسىتىدۇ، بۇ پەيغەمبەر كىشىلەرنى بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىدۇ»[1] .

3. قەدىمكى ئىرانلىقلار ئېتىقاد قىلغان زەرادەشت دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئەرەب سەھرالىرىدىن چىقىدىغان قىزىل تۆگىلىك پەيغەمبەر كەلگۈچىلىك سىلەر مەن ئۆگەتكەن تەلىماتلارنى چىڭ تۇتۇڭلار». بۇ بېشارەتنى پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچى ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇلغاففار ھاشىمى مۇنداق دەپ يازغان:«شۈبھىسىزكى، بۇ ئىرانلىق پەيغەمبەرنىڭ مەزكۇر بېشارىتى قىزىل تۆگىسى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ».

4. ھىندۇس دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى«ئېدھىرۇۋېدىم»دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئەي خالايىق! سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار ۋە چۈشىنىڭلار! مۇھەممەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەتتا جەننەتتىمۇ مەدھىيەلىنىدۇ، ئۇ ھەمىشە ماختىلىدۇ»[2] .

يەنە ھىندۇس دىنىنىڭ «بھوشى برانىم» ناملىق مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «شۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئىسىملىك بىرسى پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ئۇستازى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كىشىلەرنى بەش پەرز ئارقىلىق پاكلايدۇ»[3] .

---

(1) زېند ئافىستا 1 ـ توم 10 ـ تېكىست.
(2) ئېدھىرۇۋېدىم2ـ توم 70 ـ بۆلۈم: 1 ـ 3 ـ تېكىستلەر.
(3) بھوشى برانىم 2 ـ توم 3 ـ بۆلۈم: 3 ـ 4 ـ تېكىستلەر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىشى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **عَالِمُ ٱلْغَيْبِ فَلاَ يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِ أَحَداً. إِلاَّ مَنِ ٱرْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ** ﴾يەنى ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئۇ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)» [1] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن غەيبلەر (كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلار)نىڭ جۈملىسىدىن قىيامەتنىڭ ھازىرقى زاماندا كۆرۈلۈۋاتقان ئالامەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. تۆۋەندە زامانىمىزدا بارلىققا كەلگەن قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرقانچە مىسال بېرىلىدۇ.

1. كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ ئىشلار

زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تېخى مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن پەن ـ تېخنىكىلىرى، كەشپىياتلار ۋە ئىجادىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. تېلېۋىزىيە ، ئانتېننا ، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، تور ئۇچۇرلىرى ۋە باشقا يېڭىلىقلار زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ ئىشلاردىندۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كېلەچەكتىكى ئاجايىپ ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: « سىلەر ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. سىلەر كۆرۈپ باقمىغان ۋە خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئاجايىپ ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ».

---

(1) جىن سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

### 2. يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، پادىچىلىقتىن باشقا ھۈنەر ـ كەسىپنى بىلمەيدىغان، نامراتلىقتىن موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا نېفىتتىن ئىبارەت كاتتا بايلىقنى ئاتا قىلغىنىدىن كېيىن، ئەسىرلەر بويى پادىچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلمەيدىغان، نامراتلىقتا ئۆتكەن ئەرەبلەرنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك، ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولغانلىقى ۋە تۇرمۇشىنىڭ موھتاجلىقتىن ئۆزگىرىپ، باشقا موھتاجلارغا خەيرىيەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئاچ ـ يالىڭاچ پادىچىلارنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولغىنىنى كۆرگىنىڭدە قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ»[1] .

### 3. يېرىم يالىڭاچ كىيىنىدىغان، باشلىرىغا تاج تاقىۋالغان ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن خەۋەر بەرگەنلىرىنىڭ زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيدۇ. ھازىرقى كۈندە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بېرىلىۋاتقان پىروگراممىلاردىكى، كوچىلاردىكى كىيىملىرىدىكى ناخشىچى ئاياللار ۋە رەسىملەردە يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاياللار، «دۇنيا گۈزىلى» دەپ باشلىرىغا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

گۈزەللىك تاجلىرىنى تاقىۋالغان ئايالالار بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن دوزاخقا كىرىدىغان ئىككى خىل كىشىلەرنى تېخى كۆرگىنىم يوق: بىرى، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان قامچىلارنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرىدىغان (يەنى كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىدىغان)لار، يەنە بىرى، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان، باشلىرىغا گۈزەللىك تاجلىرىنى تاقىۋالغان، ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئايالالار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[1]

4. جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلەيدىغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەن:«قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ قايتقىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغى ۋە قامچىسى سۆزلەپ بېرىدۇ»[2] .

ئاياغ جانسىز نەرسە، قامچىمۇ جانسىز نەرسە. بىر زامانلار كېلىپ جانسىز نەرسىلەردىن ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى مۇندىن تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. زامانىمىزدا يانفون ئىجاد قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر سىرتتا كېتىۋېتىپ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدى. مۇندىن كېيىن مەخپىيەتلىك ئۈچۈن يانفونلارنى قامچىنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى ئاياغلارنىڭ ئىچىگە

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئورۇنلاشتۇرۇشلا قالدى.

5. دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، يەر تەۋرەشنىڭ كۆپ بولۇشى، ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتىشى، پاساتچىلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئېگىز بىنالارنىڭ بارلىققا كېلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالىملار تۈگەپ كەتمىگىچە، يەر تەۋرەش كۆپ بولمىغۇچە، زامانلار يېقىنلاشمىغۇچە، پىتنە پاساتچىلىق كۆپەيمىگۈچە ۋە كىشىلەر ئېگىز بىنالارغا ئورۇنلاشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[1] .

ھەدىستىكى «ئالىملار»دىن دىنىي ئالىملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «زامانلارنىڭ يېقىنلىشىشى»دىن تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئىشنىڭ كۆپلىكى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك، كۈنلەرنىڭ خۇددى سائەتلەردەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەقىقەتنى قورقماي سۆزلەيدىغان دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى، يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى بىلەن پاساتچىلىقلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقى، تىرىكچىلىكنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبلىك ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەندەك ھېس قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزدا كۆرۈلۈۋاتماقتا.

6. جازانىخورلۇقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا جازانە (ئۆسۈم) يېمىگەن ئادەم قالمايدۇ. جازانە يېمىگەن

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

ئادەمگىمۇ ئۇنىڭ چاڭ تۇزانلىرى يېتىدۇ»[1] .

زامانىمىزدا بانكىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۆسۈمنىڭ ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇندىن باشقىمۇ كېلەچەكتىن بەرگەن خەۋەرلىرى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىرى زامانىمىزدا مەيدانغا كەلمەكتە ۋە نۇرغۇنلىرىنى كېلەچەك مەيدانغا چىقارغۇسى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندە ئەھمىيەتلىكرەك دەپ قارالغان 3 مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز:

1. راستچىللىق

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغانلىقىغا ئۇنىڭ قەۋمى ھەممە بىردەك گۇۋاھلىق بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن قەۋمى ئىچىدە «راستچىل مۇھەممەد» ۋە «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دېگەندەك ئوخشاش ئىسىل ئۇنۋانلار

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

بىلەن تونۇلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا جىنى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ جەھل(ئەسلى ئىسمى ئەبۇلھەكەم)مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: « بىز سېنىڭ راستچىللىقىڭغا ئىنكار قىلغىنىمىز يوق، پەقەت سەن ئېلىپ كەلگەن يېڭى دىنىڭغا ئىنكار قىلىۋاتىمىز»[1]

شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: ﴿ فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَٰكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴾يەنى﴿ شەكسىزكى، ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، پەقەت بۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ ﴾[2] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمان، كاپىر ھېچكىمنىڭ ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلىگىنى مەلۇم ئەمەس. 40 ياشقا كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىياسىيونمۇ، دىن تەرغىباتچىسىمۇ ياكى ناتىقمۇ ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مېتافىزىكا، ئەدەپ ــ ئەخلاق تەلىماتى، قانۇنشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ياكى جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سۆز ئېچىپ باققىنىنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى ھەم پەزىلىتى

(1) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىك.
(2) ئەنئام سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

ئىنتايىن مۇكەممەل، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى جەلپ قىلارلىق، تەربىيەلىنىشىمۇ ئىنتايىن ئالىيجاناب ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنى پەۋقۇلئاددە ھەيران قالدۇرغۇدەك ئالاھىدىلىكىمۇ يوق ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشىدىن ئۈمىدمۇ كۈتمەيتتى.

لېكىن ئۇ ھىرا غارىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى. قېنى ئويلاپ باقايلى، مۇشۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتلىك بىر ئادەم تۇيۇقسىزدىن 180 گرادۇس ئۆزگىرىپ «يالغانچى» بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى يالغاندىن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا غەزىپىنى قوزغىتىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟

2. ئىنتىزامچانلىق

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى چاقىرغان نەرسىگە ئالدى بىلەن ئۆزى تولۇق ئەمەل قىلاتتى. ئىنسان نەپسى ئۆزىگە چەكلىمىلەرنى قويۇشنى ياقتۇرمايدۇ. خۇسۇسەن جەمئىيەتتە مەلۇم ئورنى بولغان بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ ئىش تېخىمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋاسى، ئەڭ ئەخلاقلىقى، ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشتە ئەڭ ئالدىنقىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۆپ روزا تۇتاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىماي نامازدا تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: "يا رەسۇلۇللاھ نېمانچە ئۆزىڭىزنى قىينايسىز، سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا"

دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن: «ئالLاھنىڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمايمەنمۇ!» دەيتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە كۆپ سەدىقە قىلاتتىكى، كۆپ ھاللاردا ئۆيىدە ئۆزى يەيدىغان بىر نەرسە قالمايتتى. ئۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئۇنىڭ تۆمۈر كىيىمى بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا گۆرۈدە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى، مۇسۇلمانلارغا ئىمام، غازاتلاردا قوماندان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن غازاتلارغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالغان. ھەتتا بىر غازاتتا ئۇ ئېغىر يارىلانغان ۋە ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلغان ھەر قانداق بىر ئىشنى ئورۇنلاشتا ھەمىشە ئالدىنقى سەپتە ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشتىمۇ ئۈلگە ئىدى. ئۇ بىر قېتىم مۇنداق بىر ئۆچمەس سۆزنى قالدۇرغان: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلىدىكەن، مۇھەممەد چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كېسىدۇ»[2].

ئۇ ھەر تەرەپتىن كامالىغا يەتكەن بىر ئۈلگە. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ئىزىدىن ئەڭ كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۈلگىلىرىنى بايقىيالايمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ماختىغان: ﴿**وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ**﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقىقا ئىگىسەن﴾[3]. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان: ﴿**لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ**

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْآخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيراً﴾يەنى﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر﴾[1] .

3. قايتماس ئىرادە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسىدىن ھەرگىزمۇ بوشاپ قالمىدى. ئۇ دەۋەت يولىدا بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى بارلىق چارىلەرنى قوللاندى. دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە ھەر بىر قەبىلىنىڭ يېنىغا باردى، گاھ ئۇلارنى زىيارەت قىلدى، گاھ يىغىنغا چاقىردى، ئۇلارغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئەرەب كۇففارلىرىنىڭ تۈرلۈك جىسمانىي ئازابلاشلىرىغا ئۇچرىدى، مۇشرىكلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي جازا جەريانىدا مۇسۇلمانلار ئاچارچىلىقتىن تېرىلەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. چارىسىزلىكتىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئۆزىمۇ جەۋر - زۇلۇمنىڭ دەستىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىھاد قىلدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىن ۋاز كېچىشى شەرتى بىلەن، ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى بېرىش، ھەتتا ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋېلىش ۋە پۈتۈن بايلىقلىرىنى ئۇنىڭغا يىغىپ بېرىش ياكى ئەگەر دىن

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

تەشـۋىقاتىنى تاشلىمىسـا ئۇنىڭـدىن قـاتتىق ئىنتىقـام ئېلىشـتىن ئىبـارەت ئىككـى ئىختىيـارنى ئۇنىڭغـا سـۇنغاندا، ئـۇ ھاياتىنىـڭ نــېمە بولۇشــغا قارىمـاي ئــاللاھ تائالانىــڭ دىنىنــى يەتكۈزۈشــنى تاللىغـان ئـدى. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئـۆز قەۋمـىدىكى كىشلەرنىڭ تۈرلۈك بوھتـانلىرى، دۈشـمەنلىكلىرى ۋە جىسمانىي ھۇجۇملىرىغـا بەرداشـلىق بېرىشـى ۋە ئـاللاھ تائالانىــڭ دىنىنــى يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ئىسلام دىنىنىـڭ ئـاخىردا چوقـۇم ئىنســــانلارنىڭ بىردىنبىـــــر تۇرمـــــۇش يـــــولى بولـــــۇپ كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

يۇقىرىقىلارنىــڭ ھەممىســى مــۇھەممەد ئەلەيھىسســالامنىڭ راســتتىنلا ئــاللاھ تائالانىــڭ ئەلچىسـى ئىكەنلىكـى ۋە ئۆزىنىـڭ ئەلچىلىــك ۋەزىپىســنى تــولۇقى بىــلەن يەتكــۈزگەنلىكىنى رەت قىلغىلــى بولمايــدىغان پــاكىتلار ئەمەســمۇ؟ ئــۇ ئېلىپنىــڭ سـۇنۇقىنىمۇ بىلمەيـدىغان، ئىنتـايىن ئـاددىي ھالـدا ئىنچىقىـنە 40 يىلنـــى ئۆتكـــۈزگەن ۋە ئۇنىڭغـــا پەيغەمبەرلىـــك ۋەزىپىســـى تاپشۇرۇلۇشـى بىلەنـلا ئۇنىـڭ سـۆز قـابىلىيتى بىـردىن ئېشـىپ پۈتــۈن ئەرەبلەرنــى ھەيــران قالــدۇرغانلىقى، ئــۆز ۋاقتىــدىكى ئاتـــاقلىق شـــائىرلار، ئەدىـــبلەر ۋە يەھـــۇدىي ، خىرىســـتىيان ئالىملىرىنىـــڭ ئۇنىـــڭ مۇنازىرىســـى ئالدىـــدا يېڭىلگەنلىكـــى بىردىنبىــر ئۇنىــڭ ئــاللاھ تائالانىــڭ قوللىشــى بىــلەن غەلىــبە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

## ئۆز ۋاقتىدىكى ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئېتىراپلىرىدىن بىر قانچە مىسال

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشىنىڭ ئالـدى ـ كەينىــدە ئۇنىــڭ راســتتىنلا ئــاللاھ تائالانىــڭ ھەق پەيغەمبىــرى

ئىكەنلىكى توغرۇلۇق كۆپلىگەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىن ئالىملىرىدىن بولغان ھەققەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدا بېرىلگەن بېشارەتلەر ئارقىلىق بىلگەنلىرىنى تەرەپسىزلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئوچۇق جاكارلىغان.

1. راھىب بەھىرا

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن شامغا قىلغان تىجارى قېتىملىق سەپىرىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان راھىب بەھىرا بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى ۋە ئىككى تارغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىنى كۆردى ۋە ئەبۇ تالىبتىن سورىدى:

ـ بۇ بالا سىزنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

ـ بۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ ـ دېدى ئەبۇ تالىپ .

ـ بۇ بالىنىڭ دادىسى ھايات ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

ــ بۇ بالا قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ دادىسى بۇ بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان.

ــ توغرا ئېيتتىڭ، يۇرتۇڭغا قايتقاندىن كېيىن بۇ بالىنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن قاتتىق قوغدىغىن!

2. راھىب نېستورا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شام سەپەرلىرىدىن بىرىدە، راھىب نېستورا ئۇنىڭ بېشىدا ئاق بۇلۇتنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ساماۋى كىتابلاردا بېشارەت بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن

ئىدى.

3. ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى

پادىشاھ نەجاشى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار توپىنىڭ يېتەكچىسى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئوقۇپ بەرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئىختىيارسىز ھالدا يىغلاپ كېتىدۇ، ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ ۋە جەئفەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئېتىقاد قىلغان بۇ دىن بىلەن ئىيساغا كەلگەن دىن ئىككىسى بىر مەنبەدىن چىققان».

بۇ سەۋەبتىن ھەبەشىستان زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتلىرىدە پاناھ گاھى بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇبى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن تەختتىن چۈشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاب يېزىپ، خىرىستىيان ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 14 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىدۇ. ئەلچىلەرنىڭ 6 نەپىرى ھەبەشىستاندىن قالغان 8 نەپىرى شام ئەھلىدىن ئىدى. ئەلچىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياسىن سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگىنىدە، ئۇلار ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ قاتتىق يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ ۋاقىتتا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ ياش تۆكۈشكەن خىرىستىيان ئالىملىرى ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرىدۇ: ﴿ **لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُمْ مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ**

**آمَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوَاْ إِنَّا نَصَارَىٰ ذَٰلِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَاناً وَأَنَّهُمْ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ. وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلْحَقِّ يَقُولُونَ رَبَّنَآ آمَنَّا فَٱكْتُبْنَا مَعَ ٱلشَّاهِدِينَ**﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار ئىچىدىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. «بىز خىرىستىيانمىز» دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنمۇ چوقۇم بايقايسەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار ۋە راھىبلار بار، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، ئۇلار تونۇغان ھەقىقەتلەر سەۋەبلىك كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: « رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (ھەقىقەتكە) گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدا يازغىن»[1] .

4. مەككىگە ئەۋەتىلگەن خىرىستىيان ئەلچىلەر ئۆمىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى باشلىنىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خەۋىرى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە پۇر كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن مەككىگە يېقىن شەھەرلەردىكى خىرىستىيانلار ھەر قايسى دۆلەت ۋە شەھەرلەردىن تەشكىللەنگەن 20 كىشىلىك خىرىستىيان دىن ئالىملىرى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى مەككىگە ئەۋەتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان يېڭى دىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ. 20 كىشىلىك خىرىستىيان دىن ئالىملىرى ئۆمىكى مۇھەممەد

(1) مائىدە سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ، سورىغان سوئاللىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى ئاڭلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇلار مەككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى بىر توپ قۇرەيش كۇففارلىرى ئۇلاردىن قاتتىق نارازى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى ئاللاھ خورلىسۇن، سىلەر ئۆز دىنىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىپ، سىلەر مۇندىن بۇرۇن بىرگە بولۇپ باقمىغان بۇ كىشى (مۇھەممەد)گە ئىشىنىپ كەتتىڭلار، ئۇنىڭ خەۋىرىنى قەۋمىڭلەرگە يەتكۈزىسىلەر، سىلەر دىنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، بىز سىلەردەك ئەخمەقلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز». ئەلچىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۆزىمىزگە، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلارغا. بىز ئۆزىمىزگە ياخشىلىق بولىدىغان ئىشلارنى قىلىمىز». ئاللاھ تائالا شۇ ۋاقىتتا بۇ ئەلچىلەر ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرىدۇ: ﴿ **الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِهِ هُمْ بِهِ يُؤْمِنُونَ. وَإِذَا يُتْلَى عَلَيْهِمْ قَالُوا آمَنَّا بِهِ إِنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّنَا إِنَّا كُنَّا مِنْ قَبْلِهِ مُسْلِمِينَ. أُولَئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُمْ مَرَّتَيْنِ بِمَا صَبَرُوا وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ** ﴾يەنى ﴿ قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەنلەر قۇرئانغىمۇ ئىشىنىدۇ . ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار:«بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن چۈشكەن ھەقىقەتتۇر. بىز

ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ. مانا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر - تاقىتى ئۈچۈن قوش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ ﴾[1] .

5. ئابدۇللا ئىبنى سالام

ئابدۇللا ئىبنى سالام ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بۈيۈك ئۆلىماسى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان، خەلق ئىچىدە چوڭ ئىناۋەت تاپقان بىر كاتتا زات ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىناپ كۆرىدۇ، پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ. بىراق ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ۋاقتىنچە مەخپىي تۇتۇشنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆتۈنىدۇ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى چاقىرىپ بىر جايغا توپلايدۇ ۋە ئابدۇللا ئىبنى سالام توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئابدۇللا ئىبنى سالام بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا يېقىن بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. يەھۇدىيلار ئابدۇللا ئىبنى سالامنى تەرىپلەپ: «ئۇ بىزنىڭ يولباشچىمىز ۋە يولباشچىمىزنىڭ ئوغلى، ئۇ ئارىمىزدىكى بىردىنبىر دىنىي ئالىم كىشىمىز ۋە دىنىي ئالىمىمىزنىڭ ئوغلى» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا ئىبنى سالام يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەۋراتتا بىشارەت بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

---

(1) قەسەس سۈرىسى 52 ـ 54 ـ ئايەتلەر.

ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار غەزەپتىن چۇقان سېلىشىپ كېتىدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىپ بۇ يەھۇدىي ئالىمى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈرىدۇ: ﴿ **قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرْتُم بِهِ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّن بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثْلِهِۦ فَـَٔامَنَ وَٱسْتَكْبَرْتُمْ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِي ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ** ﴾يەنى ﴿ ئېيتقىنكى، «ئېيلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرۈپ ئىشەنگەن ھالدا، سىلەر يەنە تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (ھالىڭلار نېمە بولماقچى؟) شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»﴾[1] .

6. سەلمان فارسىي

سەلمان پارسىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى 3 تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكى بىلەن سىناپ بېقىش مەقسىتىدە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكنىڭ بىرىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقى، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سوۋغىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ئۈچىنچىسى ئىككى تارغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسى ئىدى.

سەلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكلىرىنى شام راھىبلىرىدىن ئاڭلىۋالغان ئىدى.

---

(1) ئەھقاف سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

سەلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن، بىر ئۇۋۇچ خورمىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە بۇ «سەدىقە» دەپ ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خورمىدىن ئۆزى بىرەر تالمۇ يېمەستىن يېنىدىكىلەرگە تارقىتىۋېتىدۇ.

سەلمان يەنە بىر ئۇۋۇچ خورمىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ بۇ «ھەدىيە» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى قوبۇل قىلىپ يەيدۇ.

سەلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تارىغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى كۆرىدۇ ۋە ھامان مۇسۇلمان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ، زەيد، مۇھەيرەق ۋە باشقا كۆپلىگەن يەھۇدىي ئالىملىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىگە ئاساسەن ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغاندەك، ئىدرىس، ئەشرەف، سەمامە، ئەيمەن ۋە دۇرەيد قاتارلىق خىرىستىيان ئالىملىرىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىللاردا تەرىپلەنگەن سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا تۇتقان ھەققانىي پوزىتسىيەسىنى ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئازغۇنلۇقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: ﴿ **أَوَ لَمْ يَكُن لَّهُمْ آيَةً أَن يَعْلَمَهُ عُلَمَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ** ﴾ يەنى ﴿بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ

قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ راستتىنلا ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟!﴾[1].

﴿ٱلَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ ٱلْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقـاً مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُـونَ﴾يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى(يەنى مۇھەممەدنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. شۇ ئىبنىقكى، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾[2].

## ھازىرقى زامان ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقانلىرى

1. ئانى بىسنتو مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەرجىمھالى ۋە پەزىلىتىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىن تەشۋىقاتى ۋە تۇرمۇش جەريانىنى چۈشەنگەن كىشى مۇھەممەد ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەن، دەپ تونۇشى مۇمكىن. گەرچە مەن سىزگە ئېيتقان كۆپ ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تارىخىنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئالىيجاناب ئەرەب يولباشچىسىغا نىسبەتەن مېنىڭدە قايتىدىن ئەقىدە باغلاش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن»[3].

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 197- ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 146 - ئايەت.

(3) ئانى بىسنتونىڭ »مۇھەممەدنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى«

2. رەمــادىنى مۇنــداق دەپ يازــدۇ: «ئەگەر نىشــانى ئۇلــۇغ، قوللانغان ۋاستىسى كىچىك، لېكىن نەتىجىسى قالتىس بولۇش ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئــۈچ ئــۆلچەم دېيىلسە، ئۇنداقتا ھازىرقى دۇنيادا كىممۇ مۇھەممەدتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىشــى بىــلەن تەڭ بولالىســۇن؟ ئەڭ ئاتــاقلىق دەپ ســانالغان شەخســلەرمۇ پەقەت قــۇرال ـ جابــدۇق، قــانۇن ۋە ئىمپېــرىيە يارىتالىدى. ئۇلارنىڭ ياراتقىنى پەقەتلا كۆچلۈك مادديي ھوقۇق بولــۇپ، بــۇلار ھامــان ئۆزلىرىنىــڭ كــۆز ئالدىــدىلا تــۈگەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەسەرمۇ قالمىدى. لېكىن بۇ كىشى(مۇھەممەد) ئارمىيە، قانۇن، ئىمپېرىيە ، مىللەت ۋە پادىشاھلىق قاتارلىقلارنى ئــۆزگەرتىپلا قالماســتىن، بەلكــى شــۇ چاغــدىكى پۈتــۈن دۇنيــا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزگەرتەلىدى. بۇلا ئەمەس، ئــۇ يەنە ئېتىقــاد ۋە قەلبلەرنــى ئۆزگەرتىــۋەتتى. ئــۇ غەلىــبە ئالدىــدا ئىنتايىن سەۋرچان بولدى. ئــۇ ئۆزىنىــڭ يۈكسەك ئىرادىسىنى بىــرەر ئىمپېــرىيە قــۇرۇش ئۈچــۈن ئەمەس، بەلكــى بىــرلا ئېتىقادقا بېغىشلىدى. ئۇ بىر كۈنمۇ توختىماستىن داۋاملىق ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئېلىپ بارغان سىرلىق سۆھبەتلىرى، ۋاپاتى ۋە ۋاپاتىــدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ھەرگىزمۇ ئەلنى ئالداپ نام ـ ئابرۇي قــازانغۇچى بولماســتىن، ئەكســىچە بىــر قەتئىــي ئىرادىلىــك ئېتىقادچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[1].

3. مېكىــر. خ. ھــارت «تــارىختىكى تەســىرى ئەڭ زور 100 ئەربــاب» نــاملىق ئەســىرىنىڭ مۇقەددىمىســىگە مۇنــداق دەپ

ناملىق ئەسىرى 4 ـ بەت.

(1) رەمادېنىينىڭ«تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرى 276 ـ277 ـ بەتلەر.

يازىدۇ: «مەن مۇھەممەدنى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور ئەربابلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا قويۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭغا بەزى كىتابخانلار ھەيران قېلىشى ۋە بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەقىقەتەن تارىختىكى دىن ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە تەڭلا ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان بىردىنبىر ئۇلۇغ ئەربابتۇر»[1].

كىرىست ئارمىيەسى شەرققە تاجاۋۇز قىلغان زامانلاردا، خىلمۇ خىل يالغان سۆزلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلانغان. ھازىردا بۇرۇنقى جەمئىيەت ئۆزگىرىپ، دىنغا نىسبەتەن كەڭچىلىك ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غەرب ئالىملىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى سەمىمىي ھەم ئوبيېكتىپ ھالدا چۈشىنىشكە ھەر قانداق بىر تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنى يوق. غەرب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى، راستچىللىقىنى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرىنى مەدھىيەلىگەن . لېكىن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋال كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا پىسخىكا ھالىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، يەنە

(1) مىكىر. خ. ھارتنىڭ «تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور 100 ئەرباب» ناملىق ئەسىرى 33 ـ بەت.

بىر قەدەم ئىلگىرلىگەنـدىلا ئانـدىن مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن ئىنسـانلارغا ئەۋەتىلـگەن ھەق پەيغەمـبەر ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى پەيغەمبەرلەردىن پەرقى

سـوئال: مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىلگىرىكـى پەيغەمبەرلەردىن قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

جاۋاب: مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ئىلگىرىكـى پەيغەمـبەرلەرگە ئوخشاشـلا ئـاللاھ تائالانىـڭ ھەق پەيغەمبىـرى بولغىنىنىـڭ سـىرتىدا، ئىلگىرىكـى پەيغەمـبەرلەر ئىېرىشـكىنىدىن پەرقلىـق بولغان ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن زاتتۇر:

1. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھەربىرى ئۆزىنىـڭ قەۋمىگىـلا پەيغەمبەر بولـۇپ ئەۋەتىلـگەن ئىـدى. ﴿وَلِكُلِّ قَـوْمٍ هَـادٍ﴾يەنـى ﴿ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغـۇچى پەيغەمبىـرى بولىـدۇ﴾[1] .

﴿وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلاَّ خَلاَ فِيهَـا نَـذِيرٌ﴾ يەنـى﴿قانـداقلا بىـر ئـۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[2] .

ئەمما مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام پۈتكـۈل دۇنياغـا پەيغەمـبەر بولـۇپ ئەۋەتىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَمَآ أَرْسَـلْنَاكَ إِلاَّ رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾يەنى ﴿ بىز سېنى پۈتـۈن ئـالەملەر ئۈچـۈن پەقەت

---

(1) رەئد سۈرىسى 7ـ ئايەت.

(2) فاتىر سۈرىسى 24ـ ئايەت.

رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1] . ﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيراً﴾يەنى ﴿ پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)گە قۇرئاننى چۈشۈرگەن ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر﴾[2] .

2. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا كۆچىنى كۆرسىتەلەيتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تۈگىشەتتى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغما كورنى ساقايتىشى قاتارلىق مۆجىزىلەر، مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىلا كۈچىنى كۆرسىتەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن كېيىن كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان تا قىيامەتكىچە ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغۇچى ۋە رەقىبلىرىگە ئۆزىنىڭ مۇنازىرىسىنى ئېلان قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تالانتلىق ئەدىبلىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشاش بىرەر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ھازىرمۇ ئەھۋال شۇنداق، ھازىرغىچە ھېچكىم بىرەر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا چىقىرالىغىنى يوق.

3. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى، ئۇلاردىن كېيىن

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 107- ئايەت.
(2) فۇرقان سۈرىسى 1 - ئايەت.

كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېتىلىنىپ كەلگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى تا قىيامەتكىچە يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ!

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ شاپائەتنىڭ ئىگىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ بۈيۈك ئىمتىيازدىن نېسىۋىسى يوق.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر**

سوئال: ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ قايسى؟

جاۋاب: مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ ۋە ئۇنى چىن قەلبىدىن ئۇلۇغلايدۇ. بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى تەرىپلەپ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ﴾ يەنى﴿ مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ﴾ [1] دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئاتا ـ ئېھسانلىرى سان ـ ساناقسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن ئارتۇق سۆيۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسى كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانىيەتنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئازاد قىلىپ ئىماننىڭ

---

(1بەقەرە سۈرىسى165 ـ ئايەت.

نۇرىغا ئىلىپ چىققان زاتتۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئىپسىلىدۇر. پەيغەمبەرگە ئەگىشىش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. پەيغەمبەرگە مۇھەببىتى بولمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىل خىسلەت بولىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ھەر نەرسىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى، بىراۋنى دوست تۇتسا پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتۇشى ۋە مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشى.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ.»[2] ھەقىقي مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ـ يارەسۇلۇللا! ھەقىقەتەن سىز مېنىڭ ئۆچۈن جېنىمدىن باشقا ھەممىدىن سۆيۈملۈكسىز ــ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنى جېنىڭدىنمۇ ئارتۇق سۆيمىگۈچە ھەقىقي مۇئمىن بولالمايسەن، ــ دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر: سىز ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسىز ــ دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ــ ئەمدى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەي ئۆمەر (يەنى ئەمدى ئىمانىڭ تولۇقلاندى) دەيدۇ.»[1]

يــــۇقىرىقى ھەدىــــس پەيغەمــــبەر سۆيگۈســــىنىڭ ئــــاللاھ سۆيگۈســىدىن قالســا ئەڭ ئەھمىيەتلىــك ســۆيگۈ ئىكەنلىكىنــى ئىپادىلەيــدۇ. پەيغەمبەرنــى سۆيۈش ئىمانىنــىڭ تەقەززاسىــدۇر. بــۇ ئەينى ۋاقىتتا ئــاللاھ تائـالانى سۆيگەنلىكتۇر. مۇئمىن كىشىنىڭ قەلبىــدە ئــاللاھ سۆيگۈســىنىڭ يۈكسىلىشــى بىــلەن پەيغەمــبەر سۆيگۈسىمۇ يۈكسىلىدۇ. ئاللاھ تائـالانى سۆيگەن كىشى ئۇنىـڭ پەيغەمبىرىنىمــۇ ســۆيىدۇ، ئەلــۋەتتە. پەيغەمبەرنــى ســۆيۈش دېگەنلىــك ئۇنىڭغــا ئىتــائەت قىلىــش، ئۇنىــڭ باشــلىغان يولىــدا يــۈرۈش ۋە ئۇنىڭغــا ئىخــلاس قىلىشــنى تەقەززا قىلىــدۇ. ئىــبنى قەيــيىم مۇنــداق دېــگەن: «ئىنسـانلاردا بولغـان ھەرقانـداق سۆيگۈ ئــاللاھ سۆيگۈســىدىن بىــر پارچىــدۇر. مەســىلەن: مــۇھەممەد ئەلەيھىســالامنى سۆيۈشــمۇ ئــۇنى پەيغەمــبەر قىلىــپ ئەۋەتــكەن ئاللاھ تائـالانى سۆيۈشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئـاللاھ پەيغەمبەرنـى ســۆيگەنلىكى ئۈچــۈن ئۇنىــڭ ئۈممەتلىرىمــۇ ئــۇنى ســۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيــدۇ. مانــا بــۇ ئــاللاھ يولىــدا ســۆيۈش ۋە ئــاللاھ رازىلىقــى ئۈچۈن سۆيۈشتۇر.»

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالامنى ئۇلۇغلاشــنىڭ چەك-چېگراســى قايسى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ئــۇنى ئۇلۇغلاشتا ۋە مەدھىيەلەشــتە دىنىنىــڭ كۆرســەتمىلىرىدىن چەتــنەپ كېتىشــتىن توســقان. ئــۇ مۇنــداق دېــگەن: «خرىســتىيانلار مەريەم ئــوغلى ئىيســانى مەدھىيەلەشــتە دىنىنىــڭ بەلگىلىمىســىدىن چەتــنەپ

(1)بۇخارى رىۋايىتى

كېتىپ، ئۇنى ئاللاھ قىلىۋالغاندەك، مېنى مەدھىيەدە ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. چۈنكى مەن پەقەت بىر بەندىمەن. مېنى ‹ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى› دەپ ئاتاڭلار.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى ساھابىلەر: «سىز بىزنىڭ خوجىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «خوجا ـ ئاللاھتۇر»[2] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ھەممىنىڭ سەرخىلىدۇر. ئۇ شۇنداق تۇرۇپ يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن «بىزنىڭ خوجىمىز، ئۇلۇغىمىز » دېگەن ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى ياقتۇرمىغان. بۇ ئىبارىلەر گەرچە خاتا ياكى مۇبالىغە بولماستىن توغرا مەدھىيە بولسىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ ئاشۇرۇۋېتىپ ئۇنى پەيغەمبەرگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش دەرىجىسىگە يېتىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ بۇ ئىبارىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن قوللىنىشتىن كىشىلەرنى مەنئى قىلغان.

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسى

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى، دەرىجىسى ۋە ئورنى ھەققەتەن يۇقىرىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەت يېتەلمىگەن ئەڭ ئالىي ماقامغا يەتكەن زاتتۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۈلگىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارىدۇر. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ھەق دىننى يەر يۈزىگە مەڭگۈلۈك يەرلەشتۈرگەن بىر ئۇلۇغ زاتتۇر. سائادەت بىلەن بەخت ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشتە، بەختسىزلىك بىلەن

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

پۈشـايمان ئۇنىـڭ يولـدىن يـۈز ئۆرۈشـتىدۇر. ئـۇ قىيـامەت كۈنىدىكى بۈيـۈك شـاپائەت ماقامىنىـڭ ئىگىسـىدۇر. ئـاللاھ تائـالا ئۇنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيـدۇ: ﴿ عَسَى أَنْ يَبْعَثَـكَ رَبُّـكَ مَقَامًـا مَحْمُودًا ﴾يەنـى﴿ رەببىڭنىـڭ سېنى مەدھىيەلىنىـدىغان ئورۇنغا (بۈيۈك شاپائەت ماقامغا )تۇرغۇزۇشـى مۇقەررەردۇر.»[1] قىيامەت كۈنـىدىكى بۈيـۈك شـاپائەت ماقـامى بىزنىـڭ پەيغەمبىرىمىـز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغىلا بېرىلگەن ئالاھىـدە بىـر ئىمتىيـازدۇر. باشـقا ھېچقانـداق پەيغەمبەرنىـڭ شـاپائەت قىلىشـتىن نېسىۋىسـى يوقتـۇر. ئـاللاھ تائـالا مۇسـۇلمانلارنى پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالامغا ئەڭ ئـالىي ھـۆرمەت بىلدۈرۈشـكە ئەمـر قىلغـان. ھەتتـا سـاھابىلەرنىڭ ئۇنىـڭ يېنىـدا ئـاۋاز چىقىرىـپ سۆزلىشىشـىنىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ سانىغان. ﴿ يَا أَيُّهَا الَّـذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَـهُ بِـالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْـعُرُونَ﴾يەنـى﴿ ئـى ئىمـان ئېيتقـانلار! (پەيغەمـبەرگە سـۆز قىلغـان چـېغىڭلاردا) ئـاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىـڭ ئاۋازىـدىن يـۇقىرى قىلمـاڭلار، بىـر - بىـرىڭلار بىـلەن (تـوۋلاپ) يـۇقىرى ئـاۋازدا سۆزلەشـكەندەك، پەيغەمـبەرگە (تـوۋلاپ) يـۇقىرى ئـاۋازدا سـۆز قىلمـاڭلار، بولمىسـا، سىلەر تۇيماستىن، ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ ﴾[2]

سـوئال: پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالامنى سـۆيۈش نـېمە بىـلەن

(1) ئىسرا سۈرىسى79 ـ ئايەت.
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 2 ـ ئايەت

بولىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش تۇتۇش ـ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماستىن، ئۇنىڭغا ئەگەشمەستىن ئۇنى دوست تۇتىمەن، دېگەنلىك پەقەت قۇرۇق دەۋادىنلا ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَ** ﴾ يەنى ﴿ كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[1] .

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق سۆيۈش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئىخلاس ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت قىلىش، ئۇنى چىن قەلبتىن سۆيۈش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىلەردىن بەك دوست تۇتۇپ، يۈرەكتىن سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[2]

## پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى كىملەر؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئائىلىسى ــ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ــ ئۇنىڭ

---

(1)نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(2)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىزلىرى ۋە ئاياللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ــ ئۇنىڭ تاغىلىرى ئەبۇ تالىپ ۋە ئابباسلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدۇر. بۇلارغا سەدىقە بېرىش هالال ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنْكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا**﴾يەنى﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ. ﴾ [1]

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر توغرۇلۇق قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىرگە ياد قىلىمەن.»[2] ئەھلى سۈننە مەزھىپىنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەرنى سۆيۈشتىكى پىرىنسىپى ئەڭ ئادالەتلىك ۋە توغرا پىرىنسىپتۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەردىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشكەن ۋە دىيانەتلىك بولغانلىرىنى سۆيىدۇ ھەم ھۆرمەتلەيدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى گەرچە ئۇلار پەيغەمبەر ئائىلىسىدىن بولسىمۇ قەتئىي دوست تۇتمايدۇ ۋە ھۆرمەت قىلمايدۇ.

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 33 ـ ئايەت

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

# ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى

سوئال: ساھابىلەر ھەققىدە قانداق ئېتىقاد قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ساھابە ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى دېمەكتۇر. ساھابىلەر ئىسلام مىللىتىنىڭ پېشۋالىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە تا قىيامەتكىچە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ تېپىشى ۋە راۋاجلىنىشى يولىدا جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى پىدا قىلغان، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن جىھادلاردا ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلاردا بىرگە بولغان زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ**﴾

يەنى﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان پېشقەدەم مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق يولىدا ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقانلاردىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئىچىدە مەڭگۈ قالىدىغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. بۇ چوڭ بەختتۇر﴾[1]

(1)تەۋبە سۈرىسى 100 ـ ئايەت

ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى ــ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ــ قاتارلىق تۆت ساھابىدۇر. ئۇلاردىن قالسا، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىدۇر. جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلەر يۇقىرىقى تۆت كىشى بىلەن بىرلىكتە تەلھە، زۇبەير، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئىد ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردۇر. مۇھاجىرلار ئەنسارلارغا نىسبەتەن پەزىلەتتە ئارتۇقتۇر. بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلار، بەيئەتتە ھازىر بولغانلار ۋە مەككە فەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلار مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلاردىن پەزىلەتتە ۋە ھۆرمەتتە ئارتۇقتۇر.

سوئال: ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟

جاۋاب: ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا چىققان زىددىيەتنىڭ سەۋەبى مۇنداق: يەمەنلىك ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار سېپىگە سىغىپ كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن ھىممىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بىرى ئورۇنۇپ كەلگەن خەسىس پىلانىنى ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇ خەلىپە ئوسمان توغرۇلۇق ھەر تۈرلۈك پىتنە ۋە ئىغۋالارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىشنى باشلايدۇ. نەتىجىدە، بەزى بىلىمسىز، نادان كىشىلەر ئۇنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ كېتىپ خەلىپە ئوسمانغا قارشى چىقىدۇ. خەلىپە ناھەق ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى بۇزۇلۇپ

ئۇلار ئىككى چوڭ پىرقىغە ئايلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ تۇتقان مەۋقەسىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، بۇ ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىرلىك پارچىلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. ياخشى زاتلار خارلاندى. پىتنە - ئىغۋالار ھەر جايدا ئومۇملاشتى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مۇسۇلمانلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەلىپە قىلىپ سايلىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا خەلىپىلىككە ئەڭ لايىق كىشى ئەلى ئىدى. خەلىپە ئەلى شۇنچىلىك كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلانغان بىرلىكى ئەسلىگە كەلمىدى. نەتىجىدە، بولىدىغان ئىش بولدى. ئەمما مۇئاۋىيە بىلەن ئەلى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا چىققان ئۇرۇشلارغا كەلسەك، مۇئاۋىيە ئەلى بىلەن ئۇرۇشۇشتا خەلىپىلىك تالاشقان ئەمەس. ئەلىمۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ خەلىپىلىككە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش نىيىتى بىلەن ھەر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىجتىھادىنى توغرا دەپ سانىغان. مۇئاۋىيەمۇ ئەلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان، ئەلىمۇ مۇئاۋىيەگە قارشى ئۇرۇش باشلاتمىغان ئىدى. پەقەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرلا خەلىپە تەيىنلىنىشى كېرەك، قانۇنلۇق خەلىپىگە قارشى چىققۇچىلارنى باستۇرۇش ئارقىلىق بىرلىكنى ساقلاش زۆرۈر دېگەن چۈشەنچىدە بولغان. مۇئاۋىيە تەرەپتىكىلەر بولسا، بىر خەلىپىگىلا باغلىنىش ھاجەتسىز، ئوسمان ناھەق ئۆلتۈرۈلدى، ئەلى ئۇنىڭ قاتىلىنى دەرھال

تېپىپ ۋاقتىدا جازالىيالمىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا باغلىنىشنى خالىمايمىز دېگەن چۈشەنچىدە بولغان. نەتىجىدە، بۇ ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش چىققان.»[1]

ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن زىددىيەتلەر ۋە ئۇرۇشلار ھەققىدە ئەھلى سۈننە مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىنىدۇ:

1. ئەھلى سۈننە مەزھىپى ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن زىددىيەتلەر ۋە ئۇرۇشلاردا قايسى تەرەپنىڭ ھەقلىق ۋە قايسى تەرەپنىڭ ھەقسىزلىق قىلغانلىقى توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقىرىشتىن سۈكۈت قىلىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىشتىن ۋازكېچىدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ كەرىمدىكى مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:

﴿رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن.﴾[2]

2. ساھابىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تولىسى مۇبالىغە قىلىنغان بولۇپ، ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەرخىل قىسسىلەرنى توقۇپ چىققان.

3. ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەينەن يېتىپ كەلمىگەن. ئەينەن يېتىپ كەلگەن ۋەقەلىكلەردە بولسا، ساھابىلەر ئۆزئۆزلۈكتىن. چۈنكى ئۇلار ئىجتىھات يولى بويىچە، ھەر پىرقە ئۆزىگە تەۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئورتاق كېڭىشى بويىچە ئىش كۆرگەن.

(1)پەتىۋا مەجمۇئەسى 25: 304 ـ 305 ـ بەتلەر

(2) ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت

4. ساھابىلەرمۇ ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن خاتالىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار خاتالىقلاردىن مەسۇم ئەمەس. ئەمما ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ يوققا چىقىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە پەزىلەتلىرىمۇ باردۇر. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ قىلغان تەۋبىلىرى ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيىدۇ. چۈنكى تەۋبە خاتالىقنى ۋە گۇناھنى يۇيۇشنىڭ چارىسىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقتا ئاۋۋالقىلاردىن بولغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئايرىم پەزىلەتتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ پەزىلەتلىرى ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ياخشىلىق يامانلىقلارنى يۇيىدۇ. ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە تا قىيامەتكىچە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھېچكىم قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ دىننى بەرپا قىلغانلاردۇر ۋە پەيغەمبەرنىڭ ياردىمى ئۈچۈن ئالاھىدە تاللانغان زاتلاردۇر. ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش ياخشى ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىشتىن سۈكۈت قىلىش كېرەك.

## ساھابىلەرنى سۆكۈشنىڭ مەنئى قىلىنىشى

سوئال: ساھابىلەرنى سۆكۈشنىڭ گۇناھى نېمە؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە مەزھىپىنىڭ پىرىنسىپى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە تىلنى ۋە دىلنى يامان سۆز ۋە يامان پىكىرلەردىن پاك تۇتۇشتۇر. مۇسۇلمانلار ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئەھلى سۈننە مەزھىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ:

«مېنىڭ ساھابىلىرىمنى سۆكمەڭلار. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەگەر ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ساھابىلىرىمدىن بىرەرسىنىڭ بىرەر ياخشىلىقىغىمۇ، بەلكى ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ.»[1] ئىمام مۇسلىمنىڭ مۆتىۋەر ئۇستازلىرىدىن ئىمام ئەبۇ زۇرئە مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەرنى سۆكىدىغان ئادەمنى كۆرسەڭ بىلگىنكى، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەستۇر. چۈنكى قۇرئان ھەق، پەيغەمبەر ھەق ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىن ھەقتۇر. بۇ ھەقىقەتلەرنى بىزگە يەتكۈزگەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن دەل شۇ ساھابىلەردۇر. ساھابىلەرنى سۆككەن ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزگەن ئادەم قۇرئان ۋە سۈننەتكە قارشى چىقماقچى بولغان ئادەمدۇر.»[2]

## ئىسلام بۈيۈكلىرىنى سۆكۈشنىڭ مەنئى قىلىنىشى

سوئال: ئىسلام بۈيۈكلىرىنى سۆكۈشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: پەزىلەتتە ساھابىلەرنىڭ دەرىجىسىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى باسقان ئالىم، تەقۋا كىشىلەردۇر. ﴿**وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ**﴾يەنى ﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا

(1)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئەللامە سالىھ ئىبنى فەۋزان ئەل فەۋزاننىڭ«نەھفشلا التوحيد» (تەۋھىد كىتابى) ناملىق ئەسىرىدىن.

ئەگەشكەنلەردىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ﴾[1] بۇ زاتلارنى سۆكۈش ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈش قاتتىق ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى ئۇلار ھىدايەت يۇلتۇزلىرىدۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

تاھاۋىيەنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسىدىن كېيىن، مۇئمىنلەرنىڭ سۆيگۈسى پەرزدۇر. قۇرئان كەرىممۇ بۇنى تەكىتلىمەكتە. خۇسۇسەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىمالارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش زۆرۈردۇر. پۈتۈن ئىسلام مىللىتى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ھىدايەت يۇلتۇزلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى دىن ئاشۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېتىپ كەلمەكتە. ئەمما ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرەرسىدىن بىرەر ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپ كېلىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەر تېپىلسا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئۆزرۈلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئۇ ئالىم مەزكۇر ھەدىسنىڭ راستتىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغان بولۇشى ئېھتىمال.

2. مەزكۇر ھەدىسنى باشقا مەنىدە چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

3. مەزكۇر ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى باشقا بىر كۈچلۈك

---

(1)تەۋبە سۈرىسى 100 ـ ئايەت

ھەدىسنىڭ كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى شەخسىي مەنپەئەتلىرى ياكى ھۆكۈمدارلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن بۇرمىلايدىغان قارا قورساق موللىلار پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى ئەمەس. بەلكى شەيتان بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ موللىلىرىدۇر. ئۇلارغا قەتئىي ئەگەشمەسلىك كېرەك. مۇنداقلار يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئەتپەرەس موللىلىرىغا ئوخشايدۇ.

# سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

سوئال: سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت- پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە تەقرىرى (يەنى ساھابىلەردىن سادىر بولغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا كۆرۈپ تەستىقلىغانلىرى ياكى رەت قىلماستىن سۈكۈت قىلغانلىرى) قاتارلىقلاردۇر.

سوئال: سۈننەت بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقى بارمۇ؟

جاۋاب: ھەدىس - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دېمەكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، سۈننەت ئومۇملۇقنى، ھەدىس بولسا خاسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى «ھەدىس»نى «سۈننەت» بىلەن بىر مەنىدە ئىستېمال قىلىدۇ.

سۈننەت بىلەن ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتىن پەرق يوق. ئۆلىمالار بۇ ئىككىسىنى بىر مەنىدە قوللىنىدۇ. گەرچە ھەدىس لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «سۆز» دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تېرمىنلىرىدە ھەدىسنىڭ مەنىسى سۈننەتنىڭ مەنىسى بىلەن بىردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېغىز ئارقىلىق بىلدۈرگەن تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى، تەقرىرلىرىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە شەرئىي ھۆكۈم قاتارىغا كىرىدىغان پۈتۈن ئىش- ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ھەدىسنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

سۆزلىرى ئۇچـۇنلا قويۇلغـان ئاتـالغۇ دەپ چۈشـىنىش تـوغرا بولمايدۇ.

سوئال: سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت(ياكى ھەدىس) ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئاساسلىق دەستۇرىنىڭ ئىككىنچىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق مەنبەسىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانىدۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق دەستۇرى قۇرئان، ئاندىن سۈننەتتۇر. ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى 3 بولۇپ، بىرىنچىسى قۇرئان كەرىم، ئىككىنچىسى سۈننەت (ياكى ھەدىس)، ئۈچىنچىسى ئىجما (ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق قارار قىلىش) كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَمَآ آتَاكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَٱنتَهُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ**﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1] .

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **منْ يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ**﴾ يەنى ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان

(1) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

بولىدۇ﴾[1] .

## قۇرئان سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

سوئال: قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي دەستۇرى، قۇرئانىنىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئانىنىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىپلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«نامازنى خۇددى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[2] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

« بىز قۇرئانچىلارمىز»، « بىز پەقەت قۇرئانغىلا يۈلىنىمىز»، « قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى تووۋلاپ

---

(1) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنى يىقىتىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر«باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»لەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز ـ ھەق سۆز. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۈچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! سۈننەتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:« بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىر ھەدىسنى ئوقۇغىنىدا،"سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال ۋە ئۇنىڭدا ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ" دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغانلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[1]

---

(1) ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتتىن بىھاجەت بولىمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇئانچىلارمىز» دەپ ئاتىۋالغۇچىلەر ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىششنى پەرز قىلغان. ﴿ **مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلَّى فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا** ﴾يەنى ﴿ كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ . كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق ﴾[1] بەلكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ﴿ **فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**﴾يەنى ﴿ رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[2].

ئىبىن ھەزم[3] « ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىدە :«كىمكى بىزگە قۇرئان كەرىم يېتىدۇ،

(1) نىسا سۈرىسى 80- ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 65- ئايەت
(3) ئىبىن ھەزم ـ ( 384ھ 994م ) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن

قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز دەيدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجىرىي[1] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم 412- بېتىدە مۇنداق دېگەن:«قۇرئان كەرىمدىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كۇففارلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن:«سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[2]

---

قالسا ئەڭ كۆپ كىتاب يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، جىمقىلىقچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 ـيىلى شەبان ئايىنىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادىيە 1064 ـيىلى 15 ـ ئىيۇل ) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

(1) ئاجىرى ـ ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ئابدۇللا ئاجىرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360- يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

(2) «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 2- توم 403- بەت.

### ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

سوئال: ئۇلارنىڭ «ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن دەۋاسىغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ«ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى سەۋەبلىك، ھەدىسكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسنى، ھەتتا بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەدىس ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى بىلەن ھوشيارلىقىغا باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرىۋاتقانلارمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش ئەڭ

پەزىلەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ صَلُّواْ عَلَيْهِ وَسَلِّمُواْ تَسْلِيما**﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار ﴾[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا قىلىنغان ھەر قانداق دۇئا، ماڭا دۇرۇت ئېيتمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2] .

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئالاردا ۋە باشقا ھەرقانداق ۋاقىتلاردا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەدىس ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ ئىنسانىيەتنى ئىمانغا چاقىرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېرىشتۈرگەن ۋە ئىككى دۇنيالىق بەختلىك يولغا باشلىغان قەدىرلىك زاتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ زېمىندا كېزىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار ماڭا ئۈممىتىمنىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ»[3] .

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇت قايسى؟

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت.
(2) ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جـــــاۋاب: ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىسســــــالام ساھابىلەرنىگە ئۆگەتكەن مۇنـۇ دۇرۇدتـۇر: ﴿**أَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلىَ مُحَمَّدٍ، وَعَلىَ آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلىَ إِبْرَاهِيْمَ وَعَلىَ آلِ إِبْـــرَاهِيْمَ إِنَّـــكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ، أَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلىَ مُحَمَّدٍ وَعَلىَ آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْـــتَ عَلىَ إِبْرَاهِيْمَ وَعَلىَ آلِ إِبْرَاهِيْمَ فِي الْعَالَمِيْنَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ**﴾[1].

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئۈچىنچى باب: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## روھىي ئالەملەر

روھىي ئالەملەر ـ ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان يوشۇرۇن ئالەملەر دېمەكتۇر. چۈنكى كائىناتتىكى شەيئىلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىنساندىكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: ئادەم، ھايۋان، تاغ، دەريا، تېرىم، دەرەخ ۋە باشقا ھەر قانداق ماددىي شەيئىلەر، يەنە بىرى، ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار ۋە باشقىلار. بۇنىڭغا ئوخشىغان شەيئىلەرنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلار روھىي ئالەملەر دېيىلىدۇ. بۇلار يەنە غەيبىي ئالەملەر ياكى مېتافىزىكا (يەنى ماددىنىڭ سىرتىدىكى) ئالەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سوئال: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى قانداق بىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىنى كۆرمىگەن ئادەم ئامېرىكا دېگەن دۆلەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي شەك قىلمىغىنىدەك، مۇسۇلمانلار غەيبىي ئالەملەرنى ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن بىلەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

## غەيب ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: غەيب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: غەيب ـ ھېسسىي ئورگانلار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان، مېتافىزىكا ئالىمىگە ئائىت ئىشلاردۇر. غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. غەيبلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُل لاَّ يَعْلَمُ مَن فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وٱلأَرْضِ ٱلْغَيْبَ إِلاَّ ٱللَّهُ﴾يەنى ﴿ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى(مېتافىزىكا ئالىمىنى) ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ﴾[1].

غەيبلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ كامالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا غەيبكە ئىشىنىشنى مۆئمىنلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى قىلىپ ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشەنگۈچىلەردۇر﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئېپتىداسىدىلا ماختىغان.

سوئال: نېمە ئۈچۈن غەيبكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىلگەن؟

جاۋاب: كائىناتتىكى ئاشكارا شەيئىلەرنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيبكە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. چۈنكى غەيبلەرگە ئىشىنىش ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنى ھەق ۋە راست دەپ

(1) نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

تەسدىق قىلغانلىقتۇر.

# پەرىشتىلەر

پەرىشتىلەرمۇ روھىي ئالەملەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان ئالەمدۇر. ماھىيەت جەھەتتە، پەرىشتىلەردە ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق يوقتۇر. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارغا ئىنكار قىلىش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿**يَا أَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاۤئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن كىتابقا ۋە ئىلگىرى چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1] .

سوئال: پەرىشتىلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقى ھەقتۇر، ئۇلار ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان ۋە مەسۇم

---

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

بەنــدىلەردۇر. ئــاللاھ تائــالا پەرىشــتىلەرنى تەرىــپلەپ مۇنــداق دەيـدۇ: ﴿ بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لاَ يَسْبِقُونَهُ بِٱلْقَوْلِ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُــونَ ﴾ يەنى ﴿(پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر . ئـۇلار (ئاللاھتىن ئەمر بولماستىن) سۆز قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ ﴾[1]

## پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

ســوئال: پەرىشــتىلەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش نېمىلەرنــى ئــۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جــاۋاب: پەرىشــتىلەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش تۆۋەنــدىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش. چۈنكى، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىــــگە ئىشــــىنىش ئىســــلام دىنىنىــــڭ ئاساســــلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2. جىبرىــل، ئىســراپىل ، مىكائىــل ۋە ئەزرائىــل قاتارلىقلارغــا ئوخشــاش بىــزلەرگە ئىســىملىرى مەلــۇم بولغــان پەرىشــتىلەرگە تەپســىلىي، ئىســىملىرى بىــزلەرگە مەلــۇم بولمىغــان جىمــى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. جىبرىلغــا ئوخشــاش بىــزگە ســۈپەتلىرى مەلــۇم بولغــان پەرىشــتىلەرنىڭ ســۈپەتلىرىگە ئىمــان كەلتــۈرۈش. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بىـر ھەدىسـىدە جىبرىلنـى ئەسلى سـۈرىتىدە (600 قانىتى بىلەن ئۇپۇقنى يۆگىگەن ھالىتىدە) كۆرگەنلىكىنى بايـان

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

قىلغان. پەرىشتىلەر گاھىدا ئادەم سۈرىتىدىمۇ كۆرۈندۇ. ھەزرىتى مەريەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن پەرىشتىمۇ، ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ جىبرىل ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە بىر قانچە قېتىم كۆرۈنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

4. پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىغا ئىشىنىش. مەسىلەن: جىبرىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىش. ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئەجىلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش. مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارنى قوزغاش ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زېمىننىڭ ئاللاھ تائالا خالىغان جايلىرىغا يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش. ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى، قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا، بىرىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلەش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئاخىرەت ئالىمى باشلانغان كۈنىدە، ئىككىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلەش بىلەن ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

سوئال: پەرىشتىلەر نېمىدىن يارىتىلغان؟

جاۋاب: ئىنسانلار تۇپراقتىن يارىتىلغان بولسا، پەرىشتىلەر «نۇر» (يەنى يورۇقلۇق) دىن يارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە «پەرىشتىلەر نۇردىن ياتىلغان»[1]

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

دەپ بايان قىلغان. ھېسسىي بولمىغان يەنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى يوق، دەپ ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بىز بۇلارغا ئىنكار قىلماقچى بولساق، كۆڭۈل، جان، ئەقىل ۋە ۋىجدان قاتارلىقلارغىمۇ ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىمۇ ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ. كۆڭۈل، جان، ئەقىل قاتارلىقلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كىشى يوق. ھالبۇكى دۇنيادا ھېچكىم تىرىك نەرسىدە جاننىڭ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ئادەمدە ئەقىل ۋە كۆڭۈلنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ـ ئاللاھ تائالاغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلاردا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿**لَّا يَعْصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ. نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[1] .

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

جاۋاب: پەرىشتىلەردىن ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەش بىلەن

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلارنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋە خەۋپ ـ خەتەرلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. بەزىلىرى ئەجەلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش بىلەن بولسا، بەزىلىرى ئۆلگەنلەردىن سوراق ـ سوئال قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇرئان ئوقۇلغان، ئاللاھ تائالا ياد قىلىنغان ئورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ ئۇلارغا سامىي بولۇش بىلەن بولسا، بەزىلىرى ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مەدھىيەلەش بىلەن بولىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: جىبرىل، ئەزرائىل، مىكائىل ۋە ئىسراپىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يَشْفَعُونَ إِلاَّ لِمَنِ ٱرْتَضَىٰ وَهُمْ مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ** ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[1] .

سوئال: پەرىشتىلەر نەدە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زېمىندا يۈرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىدا سەير قىلىدۇ.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

# جىنلار ۋە شەيتانلار

## جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

سوئال: جىنلار قانداق تائىپىلەر؟

جاۋاب: جىنلار ـ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش غەيبىي ئالەملەردىن بولۇپ، پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولمىغانىدەك، ئۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە جىنلارنىڭ بارلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

سوئال: جىنلار نېمىدىن يارىتىلغان؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر يورۇقلۇقتىن يارىتىلغان بولسا، جىنلار ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَٱلْجَآنَّ خَلَقْنَٰهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ** ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى ئىلگىرى تۇتۇنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق﴾[1].

بۇ ئايەتتىن جىنلارنىڭ ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

---

(1) ھىجر سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

سوئال: جىنلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: جىنلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاشتۇر، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان، ياخشى تەقۋالارمۇ، يامان، گۇناھكار، ئاسىيلارمۇ باردۇر.

ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَنَّا مِنَّا ٱلْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا ٱلْقَاسِطُونَ ﴾ يەنى ﴿بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار ﴾[1] .

سوئال: جىنلارمۇ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھ تائالانى رازى قىلغانلىرى ساۋابقا ئېرىشكىنىدەك، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىرى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[2] .

سوئال: جىنلار غەيبنى بىلەمدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش غەيبلەرنى بىلمەيدۇ.

---

(1) جىن سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

چۈنكى غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، جىنلارنىڭ غەيبلەرنى بىلمىگەنلىكلىرى ۋە ھەرگىزمۇ بىلمەيدىغانلىقلىرىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِ إِلاَّ دَابَّةُ الأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُواْ فِي ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ** ﴾يەنى ﴿سۇلايمان(ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغاندا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا قالمىغان بولاتتى﴾[1] .

دېمەك، جىنلار غەيبنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرەلەيدۇ، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا ئىبلىس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ **إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ**﴾ يەنى ﴿ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلەيسىلەر﴾[2] . چۈنكى ئىبلىس جىنلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارىتىلغان ماددىسى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئوت يالقۇنى.

## شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

سوئال: شەيتانلار قانداق مەخلۇقلار؟

جاۋاب: شەيتانلار ـ جىنلاردىن كېلىپ چىققان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. شەيتانلار

---

(1) سەبەئ سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

(2) ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

ھەمىشە ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. شەيتانلارمۇ جىنلارغا ئوخشاش جىسىمسىز مەخلۇقات بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرىدۇ. شەيتانلار ھەرقانداق يوللار بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىدىن قىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن (يەنى يامانلىقلىرى ۋە ئازدۇرۇشلىرىدىن) ساقلىنىشقا ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە شەيتانلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ إِنَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ**﴾ يەنى ﴿ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتسە) ئاللاھقا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن﴾[1] .

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ** ﴾ يەنى ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر﴾[2] .

سوئال: ئىبلىس دېگەن كىم؟

جاۋاب: ئىبلىس ــ شەيتانلارنىڭ ئاتىسى. ئۇ جىنلاردىن كېلىپ چىققان رەزىل مەخلۇقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبلىسنىڭ

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ: ﴿كَانَ مِنَ ٱلْجِنِّ﴾يەنى ﴿ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى﴾دەيدۇ[1] .

ئىبلىس ـ ئەڭ ئەشەددىي كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغىنىدىن كېيىن، ئىبلىسنى پۈتۈن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا ، ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلسا، ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز ھىمايىسىدىن قوغلاپ، كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن قىلىۋېتىدۇ. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، كاپىر بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈنلا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلارمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك دۈشمەن بولۇپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە:﴾ ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ ٱسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلْكَافِرِينَ وَقُلْنَا يَاآدَمُ ٱسْكُنْ أَنْتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلاَ مِنْهَا رَغَداً حَيْثُ شِئْتُمَا وَلاَ تَقْرَبَا هَـٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلْظَّالِمِينَ فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا

(1) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

﴿ ئـۆز ۋاقتىـدا مِمَّا كَانَا فِيهِ وَقُلْنَا ٱهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ﴾يەنـى پەرىشـتىلەرگـە :«ئـادەمگە سـەجدە قىلـىڭـلار»دېـدۇق، ئىبلىسـتىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلـدى، ئىبلىس(سـەجدە قىلىشـتىن)باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى. شـۇنىڭ بىـلەن كـاپىرلاردىن بولـۇپ كەتتى. بىز(ئـادەمگە):«ئـى ئادەم!سـەن ئايالـىڭ بىـلەن جەننەتـتە تـۇرۇڭلار!جەننەتتىكى نەرسـىلەردىن خـالىغىنىڭلارچە كەڭتاشـا يەپ- ئىچىڭـلار، پەقەت بـۇ دەرەخـقە يېقىنلاشـماڭلار، بولمىسـا، ئۆزۈڭلارغـا زۇلـۇم قىلغـۇچىلاردىن بولـۇپ قالىسـىلەر»دېـدۇق. شـەيتان ئـۇ ئىككىسـىنى تېيىلـدۇرۇپ خاتالاشـتۇردى ۋە ئـۇلارنى تۇرۇۋاتقـان جەننەتـتىن چىقـاردى. (ئـادەمگە، ھەۋۋاغـا، ئىبلىسقا)«بىـر- بىرىڭلارغـا دۈشـمەن بولغـان ھالـدا( جەننەتـتىن يەر يۈزىگە) چۈشـۈڭلار، يەر يۈزىـدە سـىلەرگە مۇقىملىـق ۋە مەلـۇم ۋاقىتقىچە ياشاش باردۇر»دېدۇق ﴾[1] .

شـەيتانلارنىڭ بارلىقىغـا ئىشـىنىش ئىمانىنـىڭ ئاساسـلىق ماددىلىرىـدىن بولمىسـىمۇ، ئۇلارنىـڭ بـارلىقى قۇرئـان كەرىمـدە بايـان قىلىنغـانلىقى ئۈچـۈن، ئۇلارنىـڭ بارلىقىغـا ئىشـىنىش ئىمانىنـىڭ كېرەكلىـك ماددىلىرىـدىن بىـرى، ئىنكـار قىلىـش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سوئال: شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جـاۋاب: شـەيتانلارنىڭ خـاراكتېرى - پۈتـۈنلەي يامـانلىقتىن ئىبـارەت بولـۇپ، شـەيتانلار ھەرخىـل يـوللار بىـلەن ئىنسـانلارنىڭ كۆڭـۈللىرىگە يامانلىقنىـڭ، ئازغۇنلۇقنىـڭ ۋەسۋەسـىلىرىنى سېلىش ئـارقىلىق، ئـۇلارنى تـوغرا يولـدىن ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 34 - 35 - 36 - ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **إِنَّ ٱلشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوّاً إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُواْ مِنْ أَصْحَابِ ٱلسَّعِيرِ**﴾ يەنى ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[1] .

سوئال: شەيتانلار كىملەرنى ئازدۇرالايدۇ؟

جاۋاب: شەيتانلار ئاللاھ تائالانىڭ تائەتىدىن يىراقلاشقان، ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدە بولغۇچى، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلارنى شەيتانلار ھېچبىر يول بىلەن ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىقرارىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ۞ إِلاَّ عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ** ﴾ يەنى ﴿(ئىبلىس ئېيتتىكى) ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن سېنىڭ تاللانغان بەندىلىرىڭدىن باشقا، ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن ﴾[2] . مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلاردۇر.

سوئال: ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشىغا يول قويغان؟

جاۋاب: بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى بولۇپ، يامانلىق بولمىسا

(1) فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

ياخشىلىقنىڭ قەدرى ـ قىممىتى بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا جەننەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە دوزاخنىمۇ ياراتقان. چۈنكى دوزاخ بولمىسا جەننەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتى بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارنى بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا شەيتانلارنىمۇ ئەۋەتكەن ۋە شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش قابىلىيىتىنى بەرگەن. قەدىمدە ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرا يول ۋە ياخشىلىقنىڭ، ئىبلىس بولسا ئازغۇنلۇق ۋە يامانلىقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئۆتكەن بولسا، كېيىن ۋە تاھازىرمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر، يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىن زاتلار توغرا يول ۋە ياخشى ئىشلارغا، شەيتانلار ئازغۇنلۇق بىلەن يامان ئىشلارغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئۆمۈر سۈرمەكتە. بىز ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر ۋە تارىخلارغا قارايدىغان بولساق، ھاياتلىق ئەزەلدىن زىددىيەتلەر بىلەنلا داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە قارشىلىقسىز، زىددىيەتسىز جەمئىيەتنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت زىددىيەت ۋە قارشىلىقلار ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. ھەمدە زىددىيەت ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

دېمەك: زىددىيەتسىز جەمئىيەت بولمايدۇ! شەيتانلار ھەر زامان ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر. دۇنيادىكى بىر ـ بىرىگە قارشى زىددىيەتلىك كۈچلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە دوست بولۇشۇپ كېتىشى مۇمكىن. بەلكى شۇنداق بولغانلارمۇ بار. ئەمما ئادەم ئەۋلادى بىلەن شەيتانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت مەڭگۈ ھەل بولمايدىغان ۋە ئەبەدىي شۇنداق داۋام قىلىدىغان ئالاھىدە چوڭ

زىددىيەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە شەيتانلاردىن يىراق بولۇشنى قايتا ـ قايتا تەۋسىيە قىلىپ كەلمەكتە. كىمكى شەيتانلارغا ئالدىنىپ كەتمەستىن، ئاللاھ تائالا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا بېغىشلايدىكەن، ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگەن بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدە بولغانىكەن، ئۇنىڭغا شەيتان زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ۋە نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، ئۇلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتىدىكەن، ئۇ، شەيتانلارنىڭ تەۋەلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، شەيتانلار بىلەن بىرگە دوزاخقا مەڭگۈلۈك تەۋە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَـٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ ۞ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ** ﴾ يەنى ﴿كىمكى رەھماننىڭ زىكرىدىن(قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شۈبھىسىزكى شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[1] .

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر

# تۆتىنچى باب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

## ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى قانداق كىتابلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى ــ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشۈرگەن تەلىماتلىرى بولۇپ، بۇ كىتابلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەنلىك ئېتىبارى بىلەن مۇقەددەس كىتابلار ياكى ساماۋى كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال: ئاللاھ تائالا بۇ كىتابلارنى نېمە ئۈچۈن چۈشۈرگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بۇ كىتابلارنى ــ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق ۋە ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَاتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ** ﴾ يەنى ﴿(بۇ قۇرئان) رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشىڭ، يەنى غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن

ساڭا بىز چۈشۈرگەن بىر كىتابتۇر ﴾[1] .

سوئال: ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن كىتابلاردا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن كىتابلاردا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى يالغۇز ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق يوق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك مەسىلىلەر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، ھەرتۈرلۈك پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئاخىرەت ئالىمىنىڭ خەۋەرلىرى، دۇئا ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇل ۋە سىستېمىلىرى، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇن، پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن.

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەنمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاز قىسمىغا كىتاب چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچىسىگە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيىلا كېلەتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ روھىنى ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى.

سوئال: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار قۇرئان

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

كەرىمنىڭ بايان قىلىشى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. تەۋرات ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿**إِنَّآ أَنزَلْنَا ٱلتَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ**﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى چۈشۈردۇق﴾[1] .

2. زەبۇر ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. (تەۋراتتىن ئورۇن ئالماقتا). ﴿**وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُوراً**﴾ يەنى ﴿داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾[2] .

3. ئىنجىل ـ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿**وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ ٱلإِنجِيلَ**﴾ يەنى ﴿ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق﴾[3] .

4. قۇرئان كەرىم ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.﴿ **إِنَّآ أَنْزَلْنَاهُ قُرْآناً عَرَبِيّاً لَّعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ** ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ چۈشۈردۇق﴾[4] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە كۆرە، يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ بەزى پەيغەمبەرلەرگە ساماۋى كىتابلار چۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا 10 بەتلىك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا

---

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

(3) ھەدىد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

(4) يۈسۈپ سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

10 بەتلىك، شىش ئەلەيھىسسالامغا 50 بەتلىك، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا 30 بەتلىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن.

سوئال: بۇ كىتابلار ئاللاھ تائالادىن قانداق رەۋىشتە چۈشۈرۈلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن دىۋان قىلىنغان ھالدا، بىر يولى چۈشۈرۈلگەن بولسا، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەقەلەرنىڭ تەلىپىگە ۋە شارائىتلارنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا، ئاز ـ ئازدىن ئوقۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ۋەھيى يولى بىلەن تولۇق 23 يىل ئىچىدە تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىن تاپشۇرۇپ ئالغان قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن پېتى كەم ـ زىيادە قىلماستىن، بىرەر ھەرپىكە چاغلىق ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئىسلام ئۈممىتىگە ئەينەن يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلغان.

سوئال: ۋەھيى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەھيى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ ئىلھام دېمەكتۇر.

ئەمما ۋەھيىنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرگە بىۋاستە ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆز قىلىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلاَّ وَحْياً أَوْ مِن وَرَآءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولاً فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَآءُ ﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ بىر ئىنسانغا پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەيدۇ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىدۇ﴾[1] .

## ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغانلىقى، ئۇلارنى يامان يوللاردىن توسۇپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋى كىتابلارنىڭ راستتىنلا

---

(1) شۇرا سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

2. ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا تەپسىلىي؛ ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان خەۋەرلىرىدىن قۇرئاننىڭ تەستىقلىغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تەستىق قىلىش.

4. ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش.

## ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ﴿**يَا أَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن كىتابقا ۋە ئىلگىرى چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى

ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1]. مۇندىن باشقا پايدىلىرىمۇ كۆپتۇر. ئۇلاردىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق بىر قەۋمگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە باشلىغانلىقىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمەت ۋە شەپقەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىق شۈكۈر ئادا قىلىش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىدىكى ئىلاھىي دەستۇرلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشىش.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ھەر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا قانۇن بەلگىلىگەنلىكىدىكى ئۇلۇغ ھېكمىتىنى تونۇش.

4. ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىگە لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىش

## تەۋرات ۋە ئىنجىل

سوئال: تەۋرات قانداق كىتاب؟

تەۋرات- يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولۇپ، ئەسلىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تەۋراتنى ئوقۇشنى

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

بىلىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەۋرات بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولغانلىقتىن ئۇنى يادلىۋېلىشقا ئەسلا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كۆپلىگەن ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى. ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئەسىرلەر بويى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئۆمۈر سۈردى. ئۇلار بۇ ئاسارەت دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنى قوغداپ قالالمىغان ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات ئاللىبۇرۇنلا يەر يۈزىدىن يوقىلىپ بولغان ئىدى. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ قوللىرىدىكى تەۋرات مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622- يىلى يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن يېزىلغان بولۇپ، رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ ئاپتورى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن ئىكەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىي تىلىدا چۈشكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ھەربىر پەيغەمبەرگە پەقەت شۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلىدا كىتاب چۈشۈرگەن. زامانىمىزدىكى تەۋرات نۇسخىلىرى بولسا، ئەسلىسى ئارامىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كېيىنچە ئىبرانىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىدۇر.

سوئال: يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى دىنىي مەنبەلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى دىنىي مەنبەلىرى

ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر كىتابى تەۋرات بولۇپ، ئۇ«كونا ئەھدە» دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋرات «يارىتىلىش»، «چىقىش»، «مەدھىيە» ۋە «سانلار» دىن ئىبارەت 4 بۆلۈم ۋە 39 بابتىن تەركىب تاپقان. «يارىتىلىش» بۆلۈمدە دۇنيا تارىخى، «چىقىش» بۆلۈمدە يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىكى ھاياتى ۋە مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالى،«مەدھىيە» بۆلۈمدە يەھۇدىي دىنىدىكى ئىبادەت سىستېمىلىرى، « سانلار» بۆلۈمدە يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ، ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە مال-دۇنياسىنىڭ سانى سۆزلىنىدۇ.

ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ «تەلمۇد» ناملىق كىتابى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن ئاغزاكى رىۋايەتلەردىن توپلانغان كىتاب بولۇپ، ئىككى قىسمدىن ئىبارەت. بىرى پەلەستىندە، يەنە بىرى بابىلدا يېزىلغان[1].

سوئال: ئىنجىل قانداق كىتاب؟

جاۋاب: ئىنجىل ـ خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولۇپ، ئەسلىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر. ئىنجىلمۇ خۇددى تەۋراتقا ئوخشاش قوغداپ قىلىنمىغان . چۈنكى خىرىستىيانلارنىڭ بېشىغىمۇ، بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئەينىسى كەلگەن بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى خىرىستىيان دىنىنى رىملىقلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، خىرىستىيان دىندارلىرى

(1) مىسىر ۋەقىپ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ «ئىسلامىي ئىشلار ئالىي كېڭىشى» تەرىپىدىن ھازىرلانغان «ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىن.

بارغانلا يېرىدە قەتلىئاملارغا ئۇچراپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان ئەسلى ئىنجىلنى ساقلاپ قالالمىغان.

پەقەت مىلادىيە 4- ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن (Konstantin)نىڭ خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ دىن راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ ۋە خىرىستىيان دىنى رىم زېمىنىدە تۇنجى قېتىم دۆلەت دىنى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. كېيىنچە بۇ دىنىنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلغاندا 100دىن كۆپرەك ئىنجىلنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن مىلادىيەنىڭ 325 ـ يىلى ھازىرقى تۈركىيەنىڭ «ئىزنىك» دېگەن يېرىدە مىڭدىن كۆپرەك خىرىستىيان دىن ئالىمىنى يىغىپ بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ۋە ھېچ يېقىنلاشمايدىغان مەزكۇر ئىنجىللارنىڭ ئىچىدىن ئاپتورلىرى مەشھۇرراق بولغان 4 ئىنجىلنى مۇقەددەس كىتاب دەپ تونۇپ ئېلان قىلىدۇ ۋە «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتايدۇ.

ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ قوللىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزكۇر 4 ئىنجىل ئايرىم 4 ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن ئەسلى ئىنجىل ئەمەس. تارىخىي مەلۇماتلار مەزكۇر ئىنجىللار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن يىرىم ئەسىر كېيىن يېزىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

سوئال: خىرىستىيانلارنىڭ ھازىرقى دىنىي مەنبەلىرى

قايسىلار؟

جاۋاب: خىرىستىيانلارنىڭ ھازىرقى دىنىي مەنبەلىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىل بولۇپ، ئىنجىل «مۇقەددەس كىتاب»دەپ ئاتىلىدۇ ۋە «كونا ئەھدە»، «يېڭى ئەھدە»دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىل «مەتتا ئىنجىلى»،«ماركوس ئىنجىلى»، «لۇقا ئىنجىلى» ۋە «يۇھەننا ئىنجىلى»دەپ تۆت ئىنجىلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئىنجىللاردىن ھەربىرى ئۆز ئاپتورلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

خىرىستىيانلارنىڭ يەنە بۇ ئىنجىللاردىن باشقا « پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»، «دەۋەت رىسالىسى»، «رىملىقلار»،«گالاتىيالىقلار» قاتارلىق كىتابلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى خىرىستىيانلىق تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاتتا ئالىمى پاۋلۇس[1] دېگەن كىشىنىڭ

(1) پاۋلۇس- خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ مۆتىۋەر دىن ئادىمى سانىلىدۇ. پاۋلۇس مىلادىيىنىڭ 5-يىلى بىلەن 10-يىللىرى ئارىسىدا ھازىرقى تۈركىيەنىڭ تارسۇس دېگەن يېرىدە بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ چېدىر تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، يەھۇدىي شەرىئىتىنى ئۆگىنىشكە زور ئەھمىيەت بېرەتتى. پاۋلۇس كېيىنچە، ئېرۇسالىمغا بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ئۇستازى گامالائىل دېگەن كىشىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلىكى مەلۇم. پاۋلۇس ئۆزى يازغان«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»دېگەن كىتابىنىڭ 22-باب، 6-11-تېكىستلىرىدە بايان قىلىشىچە، ئۇ چۈشىدە ئىيسا

يېزىپ چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ، بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىدۇ. پاۋلۇس شۇنىڭدىن كېيىن خىرىستىيان دىنىنى ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدىن كۆپلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

## قۇرئان كەرىم

سوئال: قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. بۇنىڭغا پۈتۈن ئىسلام ئەھلى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنْكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِنْ لِيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ إِلَى اللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ**﴾يەنى﴿ساڭىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھچى بولغۇچى ھەق كىتاب(قۇرئان)نى چۈشۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ چۈشۈرگەن قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل قانۇن ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. پەقەت سىلەرگە بەرگەنلىرىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار.

ھەممىگىلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾[1].

سوئال: قۇرئان كەرىم قاچان ۋە قانداق توپلانغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرى ئىچىدە ئوقۇمىغان، مەكتەپ كۆرمىگەن بىر زات بولغانلىقتىن، ئۇ خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن. ھەر قېتىم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ بەرگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ ساھابىلىرىگە ئۆزى يادلىغىنى بويىچە يادقا ئالدۇرۇش بىلەن بىرگە «كۇتتابۇلۋەھيى» ( ۋەھيىلەرنى يازغۇچى كاتىبلار) غا بۇيرۇپ ئۇلارنى سىلىق تاشلارغا، تېرىلەرگە ۋە خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلاتتى. «كۇتتابۇلۋەھيى» ساھابىلەرنىڭ ئەڭ بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن چوڭ بىر كومىتېت بولۇپ، كومىتېتتا ۋەھيىلەرنى يېزىپ خاتىرىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 40قا يېقىن مەخسۇس كاتىب بار ئىدى. كومىتېتنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىزچە ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى، شۇ بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئەينەن يېزىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇسۇلمانلارغا ئۇنى يادلىتىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىدە، قۇرئاننى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە،

---

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىقىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان كاززاپلارغا قارشى ئۇرۇشتا بىر كۈندىلا 70 قارىينىڭ شەھىد بولغانلىقى شۇ زامانلاردا قۇرئاننى تولۇق يادلىغان قارىيلارنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ، كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ھەدىسلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىدىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەت ۋە سۈرىلىرى يېزىلىپ ۋە رەتلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ توپلىنىپ دىۋان قىلىنمىغان ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولغاچقا قۇرئان ئايەتلىرىدىن يەنە چۈشۈشىدىن ئۈمىدۋار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان كاززاپلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، قۇرئاننى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلاردىن كۆپ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىيلار تۈگەپ كەتسە، كېيىنچە، قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلاپ دىۋان قىلىشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن ساھابىلەرنىڭ مۇۋاپىقەتچىلىكى بىلەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى توپلاپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ ئۆز يېنىدا ساقلايدۇ. توپلاش ئىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىپى ۋە «ۋەھيى كۈتتابۇلۇ» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن

كېيىن، قۇرئاننى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا ساقلايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز ئۆيىدە ساقلايدۇ. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار چىقىدۇ. ھەتتا قۇرئان كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ شىۋىلىرىدە ئوقۇلۇپ، قىرائەت، تەجۋىد تەرەپتىن بەزى خاتالىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قايتۇرۇپ ئېلىپ زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرلەر باشچىلىقىدىكى «كۇتتابۇلۋەھيى»گە بېرىپ، قۇرئان كەرىمنى قۇرەيش شېۋىسىدە بىر نۇسخا يازدۇرۇپ چىقىدۇ. (قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، «كۇتتابۇلۋەھيى» گە يازدۇرۇپ ساقلىغان ئىدى). ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ بىر نۇسخىنى 7 نۇسخىغا كۆپەيتكۈزۈپ، بىرىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالىدۇ، قالغان ئالتە نۇسخىسىنى مەككە، شام، يەمەن، كۇفە، بەسرە ۋە بەھرەين قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

### قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىم قانچە سۈرە ۋە قانچە ئايەتتىن تەركىب تاپقان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەت،

77439 سۆز ۋە 325743 ھەرىپتىن تەركىب تاپقان. قۇرئان كەرىم باراۋەر 30 پارىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارىسى ئىككى ھىزبىغا، ھەربىر ھىزبىسى تۆت رۇبئىغا بۆلۈنىدۇ. نەتىجىدە قۇرئان 30 پارا، 60 ھىزب، ۋە 240 رۇبئىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى كۆپتۇر، ئەمما بىز بۇيەردە قۇرئانىنىڭ 7 ئالاھىدىلىكىنىلا بايان قىلىساق شۇ يېتەرلىك دەپ ئويلايمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن دېگۇدەك ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشلارغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى يوقالغان. مەسىلەن: يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خىرىستىيانلار ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى تەۋرات بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىل ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان ۋە كېيىنچە يەر يۈزىدىن تامامەن يوقالغاندىن كېيىن، ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622- يىلى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغانلىقى مەلۇم. ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى «لۇقا ئىنجىلى»، « ماركوس ئىنجىلى»، «مەتتا ئىنجىلى» ۋە «يۇھەننا ئىنجىلى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت ئىنجىل كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان 70 تىن كۆپرەك ئىنجىلدىن تاللىنىپ چىقىلغان ئىنجىللاردۇر. ئەمما قۇرئان

كەرىم بولسا، ئۇنى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇلۇشلاردىن ساقلاپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم 14 ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە كەم ـ زىيادە قىلىشلارغا ئۇچرىمىغان ھالدا، بىر خىل نۇسخىدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ساقلاشقا ۋە ئۆزى قىيامەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان: ﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ**﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾ [1] .

ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ 14 ئەسىردىن بېرى بىرەر ھەرپىكە چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن بىرخىل داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى دىنىمىزنىڭ ھەقلىقىگە ئەڭ كۈچلۈك ۋە يېتەرلىك دەلىلدۇر. چۈنكى تارىختىن بېرى قۇرئاندىن باشقا بىرەر كىتابنىڭ شۇنچىلىك ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزگەرمەي كەلگىنى يوق. ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە «كۇتتابۇلۋەھيى» تەرىپىدىن 7 نۇسخىغا كۆچۈرۈلگەن قۇرئان نۇسخىسىنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىرمۇ ئىستانبۇل «توپقاپى ساراي مۇزىيى»دا، يەنە بىر نۇسخىسى تاشكەنتتىكى دىنىي ئىدارىدا ساقلانماقتا. قۇرئاننىڭ قالغان بەش نۇسخىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك بالايى ـ ئاپەتلەر سەۋەبلىك يوقىلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. مەزكۇر ئىككى نۇسخا قۇرئان بىر ـ بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمىگىنىدەك، ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا

---

(1) ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

كەڭ تارقىلىۋاتقان قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز ئەينىسىدۇر.

2. قۇرئان كەرىم ـ ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ، ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە مەزكۇر كىتابلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگەرتىلمەي قالغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچى ھەم تەستىق قىلغۇچىدۇر. ﴿**وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَابَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ**﴾يەنى ﴿ بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى ھەق كىتابنى چۈشۈردۇق.﴾ [(1)] .

3. قۇرئان كەرىم ھېچقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

4. قۇرئان كەرىم ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

5. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

6. قۇرئان كەرىم ـ ئوقۇش ۋە يادلاشقا تولىمۇ ئوڭاي كىتابتۇر. ئۇ، تىلغا ئېغىر سۆز ـ كەلىمىلەردىن ئەلۋەتتە خالىيدۇر.

7. قۇرئان كەرىم ـ ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدىغان، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھىي بىر دەستۇردۇر.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

8.پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەنىدى، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى»دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا رويابقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆپەتلىرىدىن بىر سۆپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۆپەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۆپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى . مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى . ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى . ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾[1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ

1 ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت

ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

# قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى تۆۋەندىكىلەرگە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشتىكى ئۈستۈنلىكى

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن بولۇپ ، كەلىمىلىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر. قۇرئاننىڭ ئىبارىلىرىمۇ ئىنتايىن سىلىق، چاققان، مەنىگە دالالەت قىلىش ئۈستۈنلىكى ئالاھىدە يۇقىرى، ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەپلىك ھەم ئوڭايدۇر. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ بۇنى ھېس قىلالايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئاڭلاۋاتقان ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى تېزلا بايقىۋالالايدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆزدە، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بارچە بەدىئىيلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرى تېپىلىدۇ. ئەرەبلەر قۇرئان كەرىم چۈشۈشتىن بۇرۇن قەتئىي سۆزدە يېڭىلمەيتتى. ھەتتا يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ ئاتاقلىق ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. قۇرئاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. قۇرئان ئەرەبلەرگە مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، دەسلەپتە ئۇلاردىن بەدىئىيلىكتە قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى سورىدى. ئۇلار يەنە كەلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا ئون ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. يەنە

كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىش بىلەن ئەرەبلەرنىڭ قۇرئانغا قەتئىي تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى:﴿ **قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُوا۟ بِمِثْلِ هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا** ﴾يەنى ﴿ ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توپلىنىپ بىر- بىرى بىلەن ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾[1] .

2. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئۈستۈنلىكى

قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى ئىنسانلارغا تونۇشلۇق بولغان ھېچقانداق بىر ئۇسلۇبقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ شېئىر ئەمەس، نەسر ئەمەس، داستان ئەمەس ۋە باشقا ئىنسانىي ئۇسلۇبلاردىن بىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان ئىلاھىي ئۇسلۇبتۇر. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى دەسلەپتە قۇرئاننى مۇھەممەدنىڭ سۆزى دەپ دەۋا قىلغان بولسا، ئۇلار قۇرئاننىڭ كەسكىن مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەيران قالغىنىدىن كېيىن، قۇرئاننى سېھىر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا سېھىرگەر دەپ دەۋا قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار شۇ ۋاقىتتا، قۇرئاننىڭ راستتىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە جەزم قىلغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ قۇرئاننى سېھىر دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ، قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا تونۇشلۇق بولغان بىرەر ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورلۇقىدىن ئىدى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى،

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 88- ئايەت.

ئەرەبلەر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرى ا، ب ، ت، ڭ، ج ۋە باشقىلاردىن تەركىپ تاپقان تۇرۇپ، ئەرەبلەرنىڭ مۇشۇ قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان ئون ئايەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئىدى.

سىز بىرەر بەدىئىي ئەسەرنى دەسلەپ ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئەمما ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىڭىزدا سىزدىكى ھاياجان يوقىلىدۇ، سىزگە بىرەر يېڭىلىق ھېس قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇشتىن زېرىكىش ھېس قىلىسىز. ھالبۇكى قۇرئان كەرىمدە بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر يوق. ئەكسىچە، سىز قۇرئاننى قانچىلىك كۆپ قايتىلاپ ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ تارتىش كۈچى(جازىبىيتى) شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى سىزنى زوقلاندۇرىدۇ. ئەينى ئايەت ياكى سۈرىنى ھەر قېتىم قايتا ئوقۇغىنىڭىزدا سىزگە يېڭى ـ يېڭى مەنە ۋە ھېسلارنى بېرىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم فاتىھە سۈرىسىنى ئاز دېگەندە كۈندە 32 قېتىم ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقانداق زېرىكىش ياكى مالاللىق ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە، قۇرئاننىڭ كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بېرىش نىسبىتى ئاشىدۇ. بۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىدىغانلارلا ئەمەس، بەلكى ئېلىپبەنىڭ چومىقىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان كىشىمۇ ـ ئەگەر ئىخلاسى بولسا ـ ئەلۋەتتە تېتىيالايدۇ.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيلىكتىكى ئۈستۈنلىكى

قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتىكى سېھرى كۈچىگە قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئىنكار قىلالىغان

ئەمەس. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر ئەرەب تىلىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىغا پەۋقۇلئاددە ماھىر بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى بىرەر قېتىم ئاڭلىغان ئادەم ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى سېزەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەرەب كۇففارلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆز تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاشتىن توساتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لاَ تَسْمَعُواْ لِهَـٰذَا ٱلْقُرْآنِ وَٱلْغَوْاْ فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ**﴾ يەنى ﴿ كاپىرلار«بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار. (شۇنداق قىلساڭلار) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ﴾[1] .

كۇففار ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بىرەر ئۇسلۇب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا خاس ئىلاھىي ئۇسلۇب بىلەن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزلىرىنىڭ ئاتاقلىق ئەدىب ۋە تالانتلىق شائىرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار تەۋەلىرىگە چوك يىغىن چاقىرىپ، يىغىندا ھەممە بىردەك قۇرئان كەرىمنى سېھىر دېيىشكە ئىتتىپاقلىشىدۇ. قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ مۇشاۋىرى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ثُمَّ أَدْبَرَ وَٱسْتَكْبَرَ. فَقَالَ إِنْ هَـٰذَآ إِلاَّ سِحْرٌ يُؤْثَرُ. إِنْ هَـٰذَآ إِلاَّ قَوْلُ ٱلْبَشَرِ**﴾يەنى ﴿ئاندىن يۈز ئۆرىدى، چوڭلۇق قىلدى ۋە «بۇ

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 26ـ ئايەت.

پەقەت ئۆگىنىلگەن بىر سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى﴾[1].

دېمەك، ئۆز ۋاقتىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ سېھرى كۈچىگە قايىل بولغان. نۇرغۇنلىرى ئۇنى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئاڭلاش بىلەن مۇسۇلمان بولغان. ھەتتا مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن ۋە تاش يۈرەك دەپ ئاتالغان ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ سىڭلىسىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن، كۆڭلى بىردىنلا يۇمشاپ كەتكەن ۋە ھامان ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەمما ھەقىقەت خۇددى كۈندۈزدىكى قۇياشتەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ ئاز بولمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْماً وَعُلُوّاً**﴾ يەنى ﴿ئۇلار بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقلىقىنى جەزم قىلىپ تۇرۇپ، زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى﴾[2] .

4. قۇرئان كەرىمنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممى پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەنلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرى ئىچىدە ھېچ ئوقۇمىغان، بۇ سەۋەبتىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشكەن قۇرئان كەرىمدە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدە ھېچ ئىزى

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر.
(2) نەمل سۈرىسى 14ـ ئايەت.

قالمىغان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلارنىڭ يۈزدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئالىملىرىنىڭ قولىدىكى ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ قىسسىلىرى بىلەن ئوخشاش چىققان. بۇ سەۋەبتىنمۇ شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئالىملىرى كۆپ بولغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ يۇقىرىقى قىسسىلەرنى شۇ ھەقىقەتتى بىلەن بايان قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق!

# قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن مۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپ تۈۋەندە بەزىسى بايان قىلىنىدۇ:

## بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى

1. شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىڭ يۈنىلىشى بۇلۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شامالارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار شامالارنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ ـ توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتۈرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شامالار كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىققان چاڭ ـ توزان، تۇپراق دانچىلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمان قاتارلىقلارنى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پارلىرى ئوراپ ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە ئېغىر بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

قۇرئان كەرىم بۇلۇتنىڭ شامالار ئارقىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **اللَّهُ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَيَبْسُطُهُ فِي السَّمَاءِ كَيْفَ يَشَاءُ** ﴾يەنى

﴿ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدىغان، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنىچە تارقىتىدىغان زاتتۇر﴾[1].

قۇرئان كەرىم يەنە شاماللارنىڭ سۇۋپارلىرىنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېغىر بۇلۇت ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿ **وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ فَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَسْقَيْنَاكُمُوهُ وَمَا أَنْتُمْ لَهُ بِخَازِنِينَ**﴾يەنى ﴿بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر﴾[2].

2. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تەتقىقاتچىلار زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەننىڭ سايىسىدا ئاسمان جىسىملىرىدىكى قالدۇق تۇتۇن ماددىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن يېڭى پلانېتلارنىڭ تەركىب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن قەيت قىلغان. ﴿ **ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ** ﴾يەنى﴿ئاللاھ ئاندىن ئاسمانغا ئۆرلىدى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى﴾[3].

3. ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

---

(1) رۇم سۈرىسى 48 ـ ئايەت
(2) ھىجر سۈرىسى 22 ـ ئايەت
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 11 ـ ئايەت

تەتقىقاتچىلار ئاينىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش يانىدىغان نۇرلۇق ماددا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىدىكى ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قارشى تەرەپتىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتكەن( قايتۇرغان) يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلغان: ﴿ **وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ** ﴾يەنى﴿كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق ﴾[1].

قۇرئان كەرىم يەنە قۇياشنى يانغۇچى چىراغ ، ئاينى يورۇقلۇق بەرگۈچى دەپ تەرىپلىگەن:﴿ **تَبَارَكَ الَّذِي جَعَلَ فِي السَّمَاءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَاجًا وَقَمَرًا مُنِيرًا**﴾يەنى﴿ئاسماندا بۇرجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتلەردە، ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى «ئىككى چىراغ» دەپ سۈپەتلىمەستىن، قۇياشنى « چىراغ»، ئاينى «نۇرلۇق» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنى ئونتۇماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم ـ زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زوقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 12 ـ ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى 61ـ ئايەت

4. ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم ـ پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگېننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان:﴿ **فَمَنْ يُرِدِ اللَّهُ أَنْ يَهدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلْإِسْلَامِ وَمَنْ يُرِدْ أَنْ يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاءِ**﴾ يەنى﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەسى سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

5. ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: ﴿ **سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنْفُسِهِمْ وَمِمَّا**

(1) ئەنئام سۈرىسى 125ـ ئايەت

لَا يَعْلَمُونَ ﴾ يەنى﴿يۇتـۇن شـەيئىلەرنى جـۈپ ياراتقـان، زېمىنـدىن ئۈنـۈپ چىقىـدىغان نەرسـىلەرنى، ئۇلارنىـڭ ئـۆزلىرىنى ۋە ئـۇلار بىلمەيـدىغان نەرسـىلەرنىڭ ھەممىسـىنى جـۈپ ياراتقـان ئـاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر﴾[1].

6. سېزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

تېببىـي مۇتەخەسسىسـلەر ئـاغرىقنى ھـېس قىلىـش پەقەت تېرىــدە ئىكەنلىكىنــى ئىســپاتلاپ چىقتــى. بەدەنــگە ئوكـــۇل سـېلىنغاندىمۇ ئوكـۇل تېرىـدىن گۆشـكە ئۆتـۈپ بـولغىچە ئـاغرىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما ئوكـۇل گۆشـكە ئۆتـۈپ بولغانـدىن كېيىن ئاغرىق ھېس قىلىنمايـدۇ. كۆپۈكمـۇ شـۇنداق. قۇرئـان بـۇ ئىلمـي ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئېلان قىلغـان: ﴿ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَــا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَــدَّلْنَاهُمْ جُلُــودًا غَيْرَهَــا لِيَذُوقُوا الْعَــذَابَ﴾ يەنـى﴿شۈبھىسـىزكى، بىزنىـڭ ئـايەتلىرىمىزنى ئىنكـار قىلغـانلارنى دوزاخقـا كىرگـۈزىمىز، ئۇلارنىـڭ تېرىلىـرى پىشىپ تۈگـىگەن چاغـدا ئـازابنى تېتىـتىش ئۈچـۈن ئورنىغـا باشـقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز﴾[2].

7. دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

كىشـىلەر دېڭىزلارنىـڭ سـۇ ئۈسـتى دولقۇنلىرىـدىن باشـقا ئىچكى دولقۇنلارنىمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى، شـۇنداقلا سـۇ ئۈسـتى دولقونلىرىنىـڭ يۇقىرىـدىن چۈشـكەن يورۇقلـۇقنى توسـۇۋېلىپ، سـۇ تېگىــدە قــاراڭغۇلۇق پەيــدا قىلىــدىغانلىقىنى بىلمەيتتــى.

---

(1) ياسىن سۈرىسى 36 ـ ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 56ـ ئايەت

ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا بۇنى ئىسپاتلىدى. ئەمما قۇرئان ئەڭ ئاۋۋال بۇنى ئىسپاتلىغان ئىدى: ﴿ **أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا وَمَنْ لَمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُورًا فَمَا لَهُ مِنْ نُورٍ**﴾يەنى ﴿ياكى (كاپىرلارنىڭ قىلغانلىرى) چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنداق قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاركى، ئىنسان قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ بىراۋغا نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ يورۇقلۇقتىن نېسىۋىسى يوقتۇر﴾[1].

8.تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى يەر ئۈستىدىكى قىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېقىلغان قوزۇققا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى يەر تەۋرەشنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ **وَالْجِبَالَ أَوْتَادًا** ﴾يەنى﴿تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟﴾[2]، ﴿ **وَجَعَلْنَا فِي الْأَرْضِ رَوَاسِيَ أَنْ تَمِيدَ بِهِمْ** ﴾يەنى﴿ ئۇلارنى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ يەر يۈزىدە سابىت تاغلارنى ياراتتۇق ﴾[3].

---

(1) نۇر سۈرىسى 40 ـ ئايەت

(2) نەبە سۈرىسى 7ـ ئايەت

(3) ئەنبىيا سۈرىسى 31ـ ئايەت

## 9. يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ (39) لَا الشَّمْسُ يَنْبَغِي لَهَا أَنْ تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ** ﴾يەنى﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىب ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەربىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ﴾[1].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر ) بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجىمدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلارمۇ ھالاك بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان

---

(1) سۈرە ياسىن 39- 40- ئايەتلەر

بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى 18 مىلدىن كەم ـ زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقدارىدىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۇل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقدارىدىن يىراق بولغان بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

10. زەررىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ**﴾يەنى﴿ئاسمان- زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسىمۇ، ھېچ قايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا( لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەن﴾[1]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە ـ ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19ـ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك

(1) سۈرە يۇنۇس 61ـ ئايەت

ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزدە چىك تۈرۈپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى پىروتون ، نېيترون ۋە ئېلېكترونىدىن ئىبارەت.

11. ھەرنەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ شَيْءٍ مَوْزُونٍ** ﴾يەنى﴿يەر يۈزىنى سوزدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق﴾(1). دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېنىنىڭ مىقدارى 21% بولماي % 50 بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربونIV ئوكسىدنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل-دەرەخلەر كاربونIV ئوكسىدنى نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگېننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى ، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى ﴿ئۆلچەملىك﴾دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە

(1) ھىجر سۈرىسى 19- ئايەت

تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

### 12. بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە: ﴿ بَلَى قَادِرِينَ عَلَى أَنْ نُسَوِّيَ بَنَانَهُ﴾يەنى ﴿بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنىمۇ باراۋەر قىلىشقا قادىرمىز﴾[1] دېگەن. ئىنسانلاردىكى پۈتۈن ئورگانلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا، بۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى ھەرگىزمۇ بىر- بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى ھېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى ﴿بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز﴾ يەنى بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىنىمۇ ئوخشاش، بىر خىل قىلىشقا قادىرمىز، دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884- يىلى كەشىپ قىلىنىپ، شۇندىن بىرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر- بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم - پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

---

(1) قىيامەت سۈرىسى 4 ـ ئايەت

## ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيەلىك دەلىللەر

1. توپان ۋەقەسى

قۇرئـان كەرىمـدە ۋە باشـقا سـاماۋى كىتـابلاردا نـۇھ(Noah) ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۇچۇن ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى . ئاللاھ تائالا ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟!» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدا ئارخېئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ ھادىسىنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

1960 يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئىككى ئارخېئولوگ تەرىپىدىن مېكسىكا قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ جايدىكى جانلىق مىكروئورگانىزم ماددىلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى

ئىسپاتلانغان. مىيامى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Cesare، Rodhe ئىسمىلىك ئىككى ئارخېئولوگ، ئىسلاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Nicolas لاردىن ۋە كەمبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن James Kannet تەشكىللەنگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر تۇزلۇقتا دراماتىك بىر چوڭ ئۆزگىرىش بايقالغان. بۇ بولسىمۇ، مۇنىدىن 11600 - 12000 يىل بۇرۇن مېكسىكا قولتۇقىنىڭ تاتلىق سۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئىدى . ساماۋى كىتابلاردا بۇ ۋەقەلىك «توپان سۇيى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.[1]

2. ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى

ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بارلىقى قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنگەن بولسىمۇ، يېقىنغىچە بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ياۋروپالىقلار رەت قىلىپ كەلگەن ئىدى . پەن - تېخنىكىنىڭ سايىسىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار بىلەن بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان. سەمۇد قەۋمى چوڭ ئاد قەۋمىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، بۇلار مەككىدىن سىناغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەمۇد قەۋمى قۇرئاننىڭ «ئەئراف»، «ھۇد»، «ھىجر» ۋە «قەمەر» سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. «پاتلايمۇس تارىخى» ناملىق قەدىمكى زامانلارغا ئائىت تارىخي ئەسەر تېپىلغاندىن كېيىن، قېزىشلار بۇنىڭغا ئاساسەن باشلانغان ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ قوۋملارنىڭ شەھەرلىرى تېپىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاسارە ئەتىقە ئالىمى دوكتور

(1) تۈركچە «دىنلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن.

ئابــدۇراھمان ئەنســارىي تەرىپىــدىن ئەرەبىســتاننىڭ غەربىــي شىمالىدىكى «مەدائىنى سالىھ» دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىشــتا، ســەمۇد قەۋمىنىــڭ شــەھەرلىرى بايقالغــان. بــۇ شــەھەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللارغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇم دۆۋىسى ئاستىدا قالغان، تاشتىن ياسالغان كاتتا سارايلار ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سەمۇدىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان.[1]

3. ئىرەم شەھىرى

ئىــرەم شــەھىرىدە ھــۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىــڭ قەۋملىــرى ياشىغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ھۇد قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمــان كەلتۈرۈشــتىن بــاش تارتىــپ، كــۇفرى ـــ زالالەت ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىرەم شــەھىرىدە ئــۆتكەنلىكى ۋە ئاخىرىــدا ئۇلارنىــڭ «سەرســەر» دەپ ئاتالغــان كۈچلۈك بىر بوران بىلەن بىر كېچىدىلا ھالاك قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. ﴿ **أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ. إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ. الَّتِي لَمْ يُخْلَقْ مِثْلُهَا فِي الْبِلَادِ. وَثَمُودَ الَّذِينَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ** ﴾يەنى ﴿رەببىڭنىڭ ئاد قەۋمىنى، يۇكسەك بىنالىرى بىلەن ئۇخششى يارىتىلىپ باقمىغان ئىرەم شەھىرىنى، ۋادىقۇرادا[2]

(1) لوندوندا نەشىر قىلىنىدىغان ئەرەبچە «الشرق الأوسط» (ئوتتۇرا شەرق) گېزىتى 2001 - يىل 2 - ئاي 25 - سانىدىن.

(2) ۋادى قۇرا ـ ئەلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى خەيبەر رايونى بىلەن ئەلتىما رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. قەدىمدە سەمۇد قەۋمى ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ جاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەن.

تاشلارنى كېسىپ (سارايلارنى بىنا قىلغان) سەمۇد قەۋمىنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1].

1982ــ يىلى كالىفورنىيەلىك بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نامىنى بىر ئىنگلىز جاسۇسىدىن ئاڭلىغان قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇلار نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنچە ئۇلار مەخسۇس رادارلارنى ئىشقا سېلىپ ئەرەبىستان ۋە ئومان چۆللىرىگە تارقىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار، ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن «پاتلايمۇس» دېگەن تارىخچى بايان قىلغان ئىرەم (تارىخچى ئىرىم دەپ ئاتىغان) شەھىرىنى 12 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىپ چىقىدۇ. 4800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەھەرنىڭ تېپىلغانلىقى «چۆللەرنىڭ ئاتلىسى» (the atlantic of the Sand) دېگەن ماۋزۇدا، ئامېرىكىنىڭ «Times» ۋە « Newsweek » گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.[2]

يۇقىرىقى شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ قەۋملىرى قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ بىلىنمەيتتى. بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

4. پىرئەۋننىڭ جەستى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَائِيلَ الْبَحْرَ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ وَجُنُودُهُ بَغْيًا وَعَدْوًا حَتَّى إِذَا أَدْرَكَهُ**

(1) فەجر سۈرىسى 6- 9- ئايەتلەر

(2) «سىزنىتى ژۇرنىلى» 98- يىللىق 5- سانىدىن ئېلىندى ــ تۈركچە

الْغَرَقُ قَالَ آمَنْتُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ. آلْآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنْتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ. فَالْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ خَلْفَكَ آيَةً وَإِنَّ كَثِيرًا مِنَ النَّاسِ عَنْ آيَاتِنَا لَغَافِلُونَ ﴾يەنى ﴿ بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا «مەنمۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، ئەمدى مەنمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىلاردىنمەن» دېدى. (ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى):« ئەمدىمۇ تېخى؟ ھالبۇكى، ئىلگىرى ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جانسىز بەدىنىڭنى قۇتقۇزىمىز. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر» ﴾.[1]

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلار تەرىپىدىن «جەبەلەيىن» دېگەن جايدىن پىرئەۋنىنىڭ جەسىتى تېپىلىپ، ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغانىنىڭ سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسىلا چۈرۈگەن، ئەمما ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەت مومىيا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مومىيا قىلىنغان

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 89 ـ 91 ـ ئايەتلەر

جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى جايىدا ئىدى . ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.

## ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر

1. ئېمبرىيولوگىيە(تۆرەلمىشۇناسلىق ئىلمى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان فىرانسىيە تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى دوكتور (Maurese) زامانىۋى تېببىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئانا قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ، قۇرئان كەرىمدە ئەسىرلەر بۇرۇن بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ كۆپ تىراژلىق گېزىت، ژۇرناللىرىدا (the Quran and Modern science) «قۇرئان ۋە زامانىۋى مېدىتسىنا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ﴿ **يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِنْ بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ**﴾يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ﴾[1]. بۇ ئايەتتىكى ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئۈچ قات پەردە دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار: بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بالىياتقۇ ۋە ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قات پەردىدۇر. يېقىنقى زامان مېدىتسىنا ۋە تەبىئەت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئۈچ قات پەردىنى تەتقىق قىلىپ

(1) زۇمەر سۈرىسى 6- ئايەت

كۆرۈپ ، ئۇلارغا ئاللاھدە نامىلارنى بەرگەن. ئۇلار «مىنبارى»، «خوربۇن»، «لەفائىفى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. فىرانسۇز سۇ تەتقىقاتى ئالىمى Jac Cousteau ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان«جەبەل تارىق» بوغۇزىدا(كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان)بىر سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىككى پەرقلىق ئىسسىقلىقتا ۋە تۇزلۇق ئۇرانىغا ئىگە بولغان بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئېقىۋاتقانلىقىنى كەشىپ قىلغان. ئەدەن قولتۇقىنى قىزىل دېڭىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەندەب بوغۇزىدىمۇ سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى كەشىپ قىلىنغان. بۇ قېتىمقىسىنى گېرمانىيەلىكلەر كەشىپ قىلغان. دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىدە سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسىلەن: بېنگال، بېرما ۋە ھىندىستاندىمۇ بۇ تۈردىكى سۇ توسمىلىرى بولغان دېڭىز، دەريالارنىڭ بارلىقى كېيىنكى يىللاردا كەشىپ قىلىنغان.

يۇقىرىقى كەشپىياتنى Cousteau دوستى پىروفېسسور M.Bukail غا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ كەشپىياتنىڭ يېڭى كەشپىياتلاردىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا قۇرئاندىن كەرىمدىن بۇلارنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: ﴿ **مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ. بَيْنَهُمَا بَرْزَخٌ لَا يَبْغِيَانِ** ﴾يەنى﴿ئۇ، ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزىدۇ، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴾[1].

(1) رەھمان سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر

## تۆتىنچى : ئاسترونومىيەلىك دەلىللەر

1. يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ. وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ حَتَّى عَادَ كَالْعُرْجُونِ الْقَدِيمِ. لَا الشَّمْسُ يَنْبَغِي لَهَا أَنْ تُدْرِكَ الْقَمَرَ وَلَا اللَّيْلُ سَابِقُ النَّهَارِ وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ**﴾يەنى ﴿قۇياش بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ﴾[1].

بۇ ئىبارىلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئىبارىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇنلىرىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن ھەربىر يۇلتۇز ئايلىنىدىغان پەلەكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىنىڭ شۇ ئەسىردە تونۇلمىغان يېڭى مەرىپەتلەر بىلەن كەلگەنلىكى بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ.

---

(1) سۈرە ياسىن 38-، 39-، 40- ئايەتلەر

دوكتور موررىس بۇكاي بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم زېمىننىڭ مەركىزىي نۇقتا ئىكەنلىكى، قۇياشنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلەك ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىنى بايان قىلماستىن بەلكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن پەلەكلىرى ئىچىدە سەير قىلىدىغانلىقىنى يېڭى دەۋرى ئىلىمگە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلماقتا»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ بەلگىلەنگەن پەلەك ئىچىدە ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە تونۇلمىغان يېڭى بىر چۈشەنچىنى تەقدىم قىلدى. قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن قۇياشنىڭ ئايلىنىشى، يېڭى ئىلىم ئىسپاتلىغاندەك قۇياشنىڭ سېكۇنتىغا 250 كىلو مېتىر تېزلىك بىلەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدۇر».

دوكتور موررىس بۇكاي «زېمىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ دەپ قارىغان پەلەك ئالىملىرى سۆزلىگەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ قۇياش ۋە ئايلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن سۆزلەپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان» دېگەن سۆزگە مۇنداق رەددىيە بەرگەن: «پەلەك

(1) مۇررىس بۇكاي فرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر بولۇپ، كىچىكىدىن خىرىستىيان دىنىنىن كاتولىك مەزھىبىگە ئېتىقات قىلىپ ئۆسكەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەل ئىبنى ئابدۇل ئەزىز(1906 ـ 1975)نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ مەخسۇس دوختۇرى بولغان. مۇررىس بۇكاي بۇ جەرياندا يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى، پىرئەۋن قىسسىلىرىنى ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ چىقىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى ئىلىم ـ پەن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئالىملىرى بۇ يەردە تـوغرا دېـيەلىگەن بولسـىمۇ، قوياش ئالەمنىـڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ، ئـۇ ھەرگـىز ھەرىكەتلەنمەيـدۇ دېـگەن قارىشـىدا خاتالاشـقان. دېـمەك پەلەك ئـالىملىرى خاتـا ۋە تـوغرا نەزەرىيەلەرنىـمۇ ئوتتۇرىغـا قويغـان. خاتـا ۋە تـوغرا نەزەرىيەلەرنـى ئوتتۇرىغـا قويغـان پەلەك ئالىملىرىنىـڭ سـۆزلىرىنى، مەڭگـۈ خاتـا سـۆزلىمەيدىغان قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ سـۆزلىرىگە قانـــداقمۇ ئوخشـاتقىلى بولسـۇن؟». بـۇ ئىنسـابلىق بىـر تەتقىقاتچىنىـڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ، ھەققانىي گۇۋاھلىقىدۇر.

يۇنـــان پەلســـەپىلىرى، رىـــم قـــانۇنلىرى، ھىندىســـتان ھېكمەتلىرى، ئارىستوتىل ۋە ئەپلاتۇننىـڭ نەزەرىيەلىرىـدىن يىـراق ھالدا، سەھرادا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىـر زاتنىـڭ كائىنـات نىزاملىـرى ھەققىـدە 20- ئەسـىرنىڭ مائارىـپ سەۋىيەسـىگە ئۇيغـۇن ھالـدا بەدىئىـي ئىبـارىلەر بىـلەن سـۆزلىگەنلىكى ئىنسانىنى ھەقـىقەتەن ھەيـران قالدۇرىـدۇ. بۇنىڭغـا نەزەر سـالغان ئىنسـان، ئـۇ زاتنىـڭ سـۆزلىرىنىڭ ئىلمىـي تەرەققىيـات ئەسـىرىدىن بىـر قـانچە ئەسـىر ئىلگىرىكـى مەرىپەتلەرنـى قوشـۇمچە قىلىـش بىـلەن بىـرگە، ئىلگىرىكـى پەلسـەپىلەردىن كېلىــپ چىققــان خاتــا قاراشــلارغا تۈزىتىش بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

يـــۇقىرىقىلاردىن كېـــيىن: «قۇرئـــان كەرىـــم مـــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىجـادىيىتى يـاكى ئىلگىرىكـى ئىنسـانلارنىڭ تەلىماتى» دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟.

ئەگەر شـــۇنداق بولغـــان بولســـا ئىـــدى، مـــۇھەممەد ئەلەيھىسســـالام شـۇ ئەسـىرنىڭ ئىلىـم ۋە مەرىـپەت سەۋىيەسـى بـويىچە سـۆزلىگەن بـولاتتى، ئەلـۋەتتە. لېكىن مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىدىن خەۋەرسىز

ئىدى، سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىنىڭ قارشىسىغا سۆزلەتتى، ئۇ ئەسىردىكى خاتالىقلارنى پاش قىلاتتى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەر بىزنى «قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ تەلىماتى ۋە ئىجادىيەتلىرى بولماستىن، بەلكى ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر» دېيىشىمىزگە مەجبۇر قىلدى.

2. زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى

قۇرئان كەرىم كېچە ، كۈندۈز ھەققىدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغىدەك ناھايىتى ئوچۇق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كەلگەن. لېكىن قۇرئان كەرىم زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىردىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان باشقا ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرگە بولغان ئىشارەتلەرنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چۈشكەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى وَأَنَّ اللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ**﴾يەنى ﴿ئاللاھنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ كۈن بىلەن ئاينىمۇ بۇيرۇقى ئاستىغا ئالغان بولۇپ، ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە

سەير قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

﴿ **يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا** ﴾ يەنى﴿ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى يۆگەيدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يۈرىدۇ﴾[2].

﴿ **خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى أَلَا هُوَ الْعَزِيزُ الْغَفَّارُ** ﴾يەنى﴿ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، كۈن بىلەن ئاينى ئۆز ئەمرى ئاستىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە سەير قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ غالىبتۇر، تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ﴾[3].

بۇ ئايەتلەر ئىنسانلارغا كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنىڭ، كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنىڭ كېلىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە ياشىغان ھەر بىر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئايەتتىن ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان. ئەمما ھازىرقى ئىنسانلار بۇ ئايەتتە زېمىننىڭ ئايلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان

(1) سۈرە لۇقمان 29- ئايەت
(2) سۈرە ئەئراف 54- ئايەت
(3) سۈرە زۇمەر 5- ئايەت

ئىشارەتلەرنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت يېقىنقى ئەسىردىلا بايقىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ﴾ دېگەن سۆزى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىردەممۇ توختىماستىن ياكى بىر - بىرىگە ساقلىماستىن داۋاملىق بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ماڭىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. لېكىن ئۇلار نەگىچە ۋە قانداق قوغلىشىپ ماڭىدۇ؟

كېچە بىلەن كۈندۈز ئاخىرى يوق، چەكسىز، ئۇزۇن يولدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ماڭامدۇ؟ شۇنداق پەرەز قىلىنغان ۋاقىتتا زېمىندا پەقەت بىر كېچە ۋە بىر كۈندۈزنىڭلا ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى بىز كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر خىل نىزامدا بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، قۇياشنىڭ شەرق تەرەپتىن چىقىپ، غەرب تەرەپتە غايىب بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ تېخنىكىلىق سۈرەت ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدىكى يەنە بىر سۈرەتكە يۈتكەلگىنىمىزدە، بۇ ئايەتنىڭ زېمىننىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، كۈندۈزنى يوشۇرۇپ، كېچىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە كۈندۈز كېچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ . كېچىنى ئۆچۈرۈپ، كۈندۈزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلىدۇ.

بۇ ئىككى كىرگۈزۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، ئەنە شۇ جىسىم كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ، بىرىنى يەنە بىرىدىن يوشۇرىدۇ. بىرىنىڭ يەنە بىرىنى يۆگىشى ئادەتتىكى تۈز شەكىللىك جىسىم بىلەن ھاسىل بولمايدۇ، بۇ پەقەت شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى يېڭى دەۋر ئىلىم ـ مەرىپەتلىرى ئىشىنىپ، باش ئەگكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن بولدى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەنى 14 ئەسىر بۇرۇن قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇلارنى شۇ ۋاقىتتىلا ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ئەسىردىكىگە ئوخشاش ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرمىگەن؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە ھەرقانداق زامانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە ئەقىل قابىلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېگانە كىتاب. قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم سەۋىيەسىگە مۇۋاپىقلاشقان ۋە ئۇلار بىلەن قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يۈز بەرمىگەندەك، ھازىر ئىسپاتلانغان ئىلمىي كەشپىياتلار بىلەن ماسلىشىدۇ، تا قىيامەتكىچە شۇنداق ماسلىشىدۇ. قۇرئان

كەرىمدە ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە ئاقىل ـ قابىلىيىتى ئىدراك قىلالمىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر كېيىنكى زامانلاردا چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىم بىرەر پەن ـ تېخنىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە كىتابىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا پەن ـ تېخنىكىدىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر كەشىپ قىلىنغان ۋە كېيىنچە كەشىپ قىلىنىدىغان پۈتۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى شەرھلەپ بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ھازىرقى بويىچە شەرھلەپ بەرگەندە، ئۇ چاغلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايتتى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئاساسلىق مەسىلە بولغان دىنىي مەسىلىلەرگە سەلبىي تەسىرى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر كېچىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى قىسسىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ كوپ سانلىقى قوبۇل قىلالمىغان يەردە، ھازىرقى ئىلمىي كەشپىياتلاردىن سۆز ئېچىشقا ھەرگىزمۇ ئورۇن يوق ئىدى. ھەتتا مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارغا كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت ، ئانتېننا قاتارلىق ھازىرقى پەن ـ تېخنىكىدىن سۆز ئاچقان ئادەم ھەرقانچە ئىشەنچلىك، ئالىم كىشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئىنسانلار ھامان ئۇنى يالغانغا چىقىراتتى.

## بەشىنچى: تېببىي دەلىللەر

1. ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ **يَخْرُجُ مِــنْ بُطُونِهَــا شَــرَابٌ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ فِيــهِ شِــفَاءٌ لِلنَّــاسِ**﴾ يەنى﴿ھەسەل ھەرىسىنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپالىق بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك( ھەسەل) چىقىدۇ ﴾[1] دەيدۇ.

تارىختىن بىرى ئىنسانلار ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىنى ئــۇزۇن يىللىــق ئەمەلىــي تەجرىبىلــرى بىــلەن ئىســپاتلىغان بولسىمۇ، زامانىمىزدىكى مېدىتسىنا ئىلمى سايىسىدا ئــۇنى قەتئىي شــەك قوبــۇل قىلمايــدىغان ئىلمىــي ھەقىقەتــكە ئايلانــدۇرغان. ھەســەلنىڭ شــىپالىق تەرەپلىــرى ناھــايىتى كۆپتــۇر. قىسقىســى، دوختــۇرلار ئــۇنى كــۆپلىگەن ھەرخىــل كېســەللەرنىڭ ئىســتېمال قىلىشــىنى تەۋســىيە قىلماقتــا. ھەســەلدە مىكروبلارغــا قارشــى مــاددىمۇ بولغاچقــا ئــۇنى كۆيــۈكلەرگە، يارىلارغــا سۇۋاشــنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلىمەكتە. مۇنــدىن باشقا بوۋاقلارنىــڭ ئەت ئېلىشــى ۋە ســاقلىقىنى ساقلىشــى ئۈچۈنمــۇ ئۇلارغــا ھەســەل يېگۈزۈشــنى تەۋســىيە قىلماقتــا. تېببىــي مۇتەخەسسىســلىرى تەرىپىدىن بىر جۈپ ئىككىزەكنىڭ بىرىگە كۈنــدە مەلــۇم مىقداردا ھەســەل ئىســتېمال قىلــدۇرۇش بىــلەن ئېلىــپ بېرىلغــان تەجرىبە نەتىجىســىدە، ئىككــى ئــايلىق مــۇددەت ئىچىــدە كۈنلــۈكى مەلــۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلغــان بوۋاقنىــڭ ئېغىرلىقى، ھەســەل ئىســتېمال قىلمىغــان بوۋاقنىــڭ ئېغىرلىقىــدىن 2 كىلــو ئــارتۇق كەلگەن.

---

(1) نەھل سۈرىسى 69 ـ ئايەت

2. بوۋاققا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز ئىككى يىل ئېمىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى دەسلەپ قېلىپ قۇرئان سۆزلىگەن. تېخى 5 ـ 10 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى ياساپ چىققان سۈنئىي سۈتنى ماختاپ، «ئەمدى ئانا سۈتىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ دەۋا قىلغان ياۋروپالىقلار، ئەمدىلىكتە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، بوۋاقلارغا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە 1ـــ 2 يىل بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

3. تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە بولسا، ياۋروپادا تېخى 1800 ـ يىللىرىغا كەلگىچە تەرەتخانا، مۇنچا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. 1500 ـ يىلى شەرقنى كەزگەن بەزى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۆينىڭ مەخسۇس تەرەتخانىسى، مەخسۇس مۇنچىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، شەرق توغرۇلۇق ئىجابىي ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن.

ئەمما مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەربىيەسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مۇنچىغا كىرىشنىڭ، ساقال ـ بۇرۇتلارنى ۋە قول ـ پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن 5 قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى 5 قېتىم يۇيۇشنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشنىڭ، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە، جامائەت

بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

4. ھاراقنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان سۆزلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ ئېزى ۋە كۆپى بەربىر ئوخشاشلا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھازىرقى پەن تېخنىكىنىڭ سايىسىدا، ھاراقنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانماقتا. ھاراقنىڭ ھۈجەيرىلەردە، خۇسۇسەن مېڭە ھۈجەيرىلىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنغان ھاراقنىڭمۇ، تەسىرى ھامان بىلىنمىگەن بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئادەم جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىمۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ھاراقنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قانداقلا بىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقسىزلىق بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ھاراقنىڭ بارلىقى بايقالماقتا.

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى زامانلارنىڭ شارائىتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئىلمىي كەشپىياتلارنى ئاچىدىغان ئىلىم ـ پەنگە ياكى ھازىرقىدەك زامانىۋى ئاپپاراتلار ئىگە بولمىغان، ساۋاتسىز بىرسىنىڭ بىلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى،

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

## ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر

## باللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى

— قىز - ئوغۇللار ھۆرمەتتە ۋە ئىنسانلىق قەدىر-قىممەتتە باراۋەر بولۇپ، ھەر ئىشتا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. ﴿ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾يەنى ﴿ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق﴾ [1]، ﴿ إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ﴾... يەنى﴿ئاللا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەتلەردىكى «ھۆرمەت» بىلەن «ئادالەت» ئوغۇل-قىز ھەر ئىككى جىنسقا قارىتىلغان.

— باللار مال - مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال - مۈلۈكلەر ئۇلار باالاغەتكە يېتىپ ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ.﴿ وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾يەنى ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ باالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾ [3]

— باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك. «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن

---

(1) ئىسرا سۈرىسى70-ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 90-ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى152-ئايەت.

چاقىرىلىسىلەر. شۇڭا بالىلىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار»[1]

ـ بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيەلەش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلارنى ئادا قىلمىغان ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ﴾يەنى﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاخ ئازابىدىن ساقلاڭلار﴾ [2]

بالىلارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بالىلىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇن ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ناماز ئۈچۈن يېنىك ئۇرۇڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن 10 ياشقا توشمىغان بالىنى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

ـــ بالىلارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك بالىلارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بالا مېنى كىمگە

(1) ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋاايىتى.
(2) تەھرىم سۈرىسى6 ـ ئايەت.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تاشلاپ قويىسەن، ماڭا ئاش ـ نان بەرگىن! دەيدۇ»[1].

ــــ باللارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ. «بىراۋنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى زايە قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[2].

ــــ باللار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ. «ئۆزۈڭلارنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمە سورالسا بېرىدىغان بىر سائىتى بار، سىلەرنىڭ بۇ دۇئايىڭلار شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالمىسۇن»[3].

ـ باللار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ. «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت قىلىڭلار»[4]

دۇنيادا باللار ھوقۇقى باياناممىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ باللار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن

---

(1) بۇخارى راۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇت راۋايىتى.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى

مۇندىن 1403 يىل بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى.[1]

تېخى مىلادىيەنىڭ 1700ـ يىللىرى فىرانسىيەدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەپلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى مىلادىيەنىڭ610-يىلى 8-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشكەن. ( سەفىيۇررەھمان مۇباركەفۇرىنىڭ«شېرىن بۇلاق» ناملىق ئەسىرىدىن).

شـــان ـ شـــەرىپى كۆتۈرۈلـــدى. شـــۇ ۋاقىتلارنىـــڭ شـــارائىتىدا دۇنيانىـــڭ ھەممىـــلا يېرىـــدە، خۇسۇســـەن ئەرەب يېرىـــم ئارىلىـــدا ئايـــاللار مـــىراس ئورنىـــدا قـــوللىنىلاتتى. ئۇلارنىـــڭ ئاتـــا ـ ئانىســـى قالـــدۇرغان مـــال ـ مۈلـــۈكلەردىن مـــىراس ئـــېلىش ھوقـــۇقى يـــوق ئىـــدى. ئەممـــا ئىسلام دىنـــى كەلگەنـــدىن كېـــيىن، ئۇلارغـــا مۇنـــۇ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

ـ ئاياللارنىـڭ مىراس ئـېلىش ۋە ئۆزىنىـڭ مـال ـ مۈلـۈكلىرىنى ئېرىنىـڭ رۇخسىتىسـىز، خـالىغىنىچە تەسـەررۇپ قىلىـش ھوقـۇقى بـار. ﴿ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْـأَقْرَبُونَ﴾يەنـى ﴿ئاتـا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالـدۇرغان مىراسـتا ئاياللارنىـڭ ھەسسىسـى بار﴾ [1]

ـ ئەرنىـــڭ ئايالىنىـــڭ بـــارلىق چىقىملىرىنـــى تەل قىلىـــپ بېرىشـى.﴿ لِيُنْفِقْ ذُو سَعَةٍ مِنْ سَعَتِهِ وَمَنْ قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ فَلْيُنْفِقْ مِمَّـا آتَاهُ اللَّهُ ﴾يەنـى ﴿بـاي ئـادەم (ئايـالىنى ۋە بـالىلىرىنى) ئۆزىنىـڭ بايلىقىغـا يارىشـا تەمىنلىسـۇن، رىزقـى تـار قىلىنغـان ئـادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن﴾ [2]

ـ ئايـاللار قانـداقلا شـارائىتتا بولمىسـۇن، ئۇلارنىـڭ ئوقـۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى ۋە مەجبۇرىيىتى بـار. «ئوقـۇش، ئـۆگىنىش ئەر بولســۇن، ئايـــال بولســۇن، ھەر قانـــداق بىـــر مۇســـۇلمانغا پەرزدۇر.»[3]

---

(1) نىسا سۈرىسى7 ـ ئايەت.
(2) تالاق سۈرىسى7 ـ ئايەت.
(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ــ ئاياللارنىــڭ ئەرلەرگە ئوخشــاش ئــۆزى خالىغــان بىرســى بىــلەن تۇرمــۇش قــۇرۇش، ئەگەر بەختلىــك بولالمىغــان ھــالەتتە بىرلىكتە ئۆزىگە بىر ئاجرىشىش ھوقۇقى بار. «چوكانىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىنى سورىماستىن ياتلىق قىلماڭلار»[1]. ﴿فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە كېلىشىپ قېلىڭلار ياكى چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتىڭلار﴾ [2]

ــ ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ. «ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى كىشىلەر ئەمەس»[3]

ــ ئاياللار پۇل تېپىشقا ياكى ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا زورلانمايدۇ. ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾يەنى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغانلىقى ۋە ئەرلەرنىڭ پۇل ــ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر﴾ [4]

## ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلار

ــ قوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) تالاق سۈرىسى2-ئايەت.
(3) ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى.
(4) نىسا سۈرىسى34-ئايەت.

تويغۇزماستىن، ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.[1]

ــ قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.[2]

ــ ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر ۋە ھەر قانداق بىر مۇئامىلىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە. «ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن، ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. پەقەت ئۇلار تەقۋالىق بىلەنلا بىر-بىرىدىن ئەۋزەل بولالايدۇ.»[3]

ــ قول ئاستىڭلاردا ئىشلىگەنلەر قانداق تەبىقىدىن بولمىسۇن، سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئۇلارغىمۇ يېگىنىڭلاردىن يېگۈزۈڭلار، كىيگىنىڭلاردىن كىيگۈزۈڭلار ۋە ئىچكىنىڭلاردىن ئىچكۈزۈڭلار. ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار.[4]

ــ ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرلىرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭلار.[5]

ـ مۇسۇلمان ـ كىشىلەرگە قولى ياكى تىلى بىلەن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر.[6]

ــ سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرى ئۈچۈن ياخشى

---

(1) ھاكىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(6) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.[1]

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ جايدا تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىك ئەرەبلەر ئۈچۈن 52 ماددىلىق «مەدىنە دەستۇرى» ناملىق باياناتنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى بارلىق گىراژدانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە چىقىشىش بىلەن ياشىشى، سىرتقى دۈشمەنلەردىن مەدىنە دۆلىتىنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىش مەجبۇرىيىتى قاتارلىق پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «كىشىلىك ھوقۇق» باياناتىنىڭ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىپ، ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلىنىشى ئىدى.

ئەمما خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق باياناتىسى 20 - ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى. ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەنلەر بۇ ئىشنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىجابىيلىق دەپ قارىشى ئالدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇ يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ بولغان.

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق پىروگىراممىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا «ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلىدۇ، ئۇلار ھەق-ھوقۇقلاردا ۋە مەسئۇلىيەتلەردە باراۋەردۇر» دەپ كەلگەن. بۇ سۆز دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان. ئۇ مىسىرغا قويغان

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋالىيىنىــڭ خەلقــقە زۇلــۇم قىلغــانلىقى ھەققىــدىكى شــىكايەتنى ئــاڭلاپ، ۋالىيىنــى مەدىــنە مــۇنەۋۋەرە شــەھىرىگە چاقىرتقــان ۋە ئۇنىڭغا: «ئىنسانلار ئانىلىرىدىن ھۆر تۇغۇلغـان تۇرسـا، قاچانـدىن بېــرى ئــۇلارنى قــۇل قىلىۋالــدىڭلار»[1] دەپ قــاتتىق كايىغــان. دېمەك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتقان بۇ سۆز ئەسىرلەردىن بېرى كىشـىلەرنىڭ نەزىرىــدە خىيـال ۋە ئــارزۇ-ئارمـان بولـۇپ كەلـگەن ئىدى.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتا ئەڭ ئــۆلمەس نەمــۇنىلەرنى يــاراتتى. ئىنســانلار ئەر بولســۇن، ئايــال بولسۇن، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، مىللىتى، رەڭگى، تىلى ۋە دىنــى قانــداق بولۇشــىدىن قەتئىيــنەزەر بــاراۋەر ھوقۇققــا ئىــگە ئىكەنلىكىنــى ئــېلان قىلىــپ، ئــۇنى ئىســلامنىڭ ئەڭ ئاساسـلىق پىرىنســــىپلىرىدىن ســــانىدى. بــــۇ ماۋزۇغــــا مــــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىــدىن ئــۈچ ئــاي ئىلگىـرى ئوقۇغـان ۋىــدا خۇتبىســـى يېتەرلىكتــــۇر. مــــۇھەممەد ئەلەيھىســـسالام ۋىـــدا خۇتبىســـىدە كىشـــىلەرنىڭ مـــال ـ مـــۈلكىگە، ئـــار ـ نومۇســـىغا تېگىشـىنىڭ كەچۈرگۈســىز جىنـايەت ئىكەنلىكىنــى قايتــا ـ قايتــا تەكىتلىگەن ئىدى. بۇ تەخمىنەن 633ـ مىلادىيە يىلى ئىـدى. ئـۇ دۇنيا قانۇن ـ تۈزۈم دېگەنلەرنى ئـاڭلاپمۇ باقمىغـان دەۋر ئىـدى. ئىنسانلار تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن قانۇنلار:

---

(1) ئىبنى ئابدۇلھەكەم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان قىسسە، مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف كاندېھلىۋى «ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىنىڭ2ـتوم، 88ـبېتىدە بايان قىلغان.

1215 ـ مىلادىيە يىلى چوڭ شەرت قانۇنى،

1628ـ مىلادىيە يىلى جىسمانىي ئەركىنلىك قانۇنى،

1776ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى ئېلان قىلىنغان،

1789ـ يىلى «ئىنسان ھەقلىرى ۋە گىراژدانلىق ھەققى ۋەسىقىسى» يېزىلغان ۋە

1948ـ يىلىغا كەلگەندە ئىنسان ھەقلىرى قانۇنى خەلقئارادا رەسمىي تۈردە ئېلان قىلىنغان.»[1]

(1) دوكتور مۇھەممەد ئەلى ئەل شەددىنىڭ« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ئون چوڭ تۆھپىسى»ناملىق ماقالىسىدىن.

## قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبتىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلىرى بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتپەرەس، رىملىقلار ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خىرىستىيانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ **غُلِبَتِ الرُّومُ. فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ. فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ. بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ** ﴾يەنى ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ غالىب ۋە تولىمۇ

شەپقەتلىكتۇر﴾[1] دېگەن ۋە ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن.

2. مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپ قېتىم سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: ﴿ **يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ** ﴾يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[2] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەت چۈشكەن ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: «ئەي خالايىق! بىزدىن يىراق تۇرۇڭلار، بىزنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە سۇيىقەستلەردىن ئامان قالغان.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى مەككىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ: ﴿ **لَقَدْ صَدَقَ اللَّهُ رَسُولَهُ الرُّؤْيَا**

(1) رۇم سۈرىسى 1-4- ئايەتلەر

(2) مائىدە سۈرىسى 67- ئايەت.

**بِالْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ إِنْ شَاءَ اللَّهُ آمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا فَجَعَلَ مِنْ دُونِ ذَلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا**﴾يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى راستقا چىقاردى. ئاللاھ خالىسا ئەمىنلىك ئىچىدە، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر، ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغاننى بىلىدۇ. ئۇ سىلەرگە بۇنىڭدىن ئىلگىرى يېقىن بىر غەلىبىنى ئاتا قىلدى﴾[1] دېگەن ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام قوشۇنى مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغان.

4. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ: ﴿ **إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ**﴾يەنى ﴿قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾[2] دېگەنىدى. قۇرئاننىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، قۇرئان ھازىرغىچە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن باشقا غەيبىتىن بەرگەن ۋە ئەمەلىيەتتە مەيدانغا چىققان خەۋەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

---

(1)فەتھ سۈرىسى 27ـ ئايەت.

(2)ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ قۇرئان كەرىم بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى

سوئال: نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغان؟

جاۋاب: مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پىرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر يەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر يەن بىلەن دۈئىل ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى دۈئىل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يۇقتۇن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تېببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى . ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ئوكاز» بازىرىدا يىغىلىپ ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئوكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقان، بەدىئىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى

«ئەرەب» ( تىلى راۋان) باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم» ( تىلسىز) دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاقلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۈئېل ئېلان قىلىشى ئىدى . ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئېل ئېلان قىلىدۇ

قۇرئان كەرىم جىمى ئەرەبلەرگە دۈئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئېل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش چىقىدىغانلىقى ۋە رىملىقلارنىڭ يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەندە، مۇسۇلمانلار«ھەق ۋە راست»دەپ تەستىق قىلىشتى، ئەرەب، ئەجەم بۇددىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يانداشلىرى بولسا، «بۇ يالغان گەپ، كۆرىمىز قېنى. قايسىمىزنىڭ كۆتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشتى ۋە ئىككى پىرقە بۇ كېلەچەكتىكى ئۇرۇشنى ئىنتىزار بىلەن كۈتتى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يەڭدى. ئەگەر ئەھۋال قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى ؟ شەكسىزكى،

ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۇچۇن پىتەرلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان كەرىم يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ پىكىر دىن ئەجەلگە يولۇققان بولاتتى. ئەمما خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئىدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس. 7 يىلدىن كېيىن بولىدىغان سوقۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئىدى . مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى . شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغىنىدا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش

قـانۇنىيىتىنى بىكـار قىلىـش ئـارقىلىق سـاختا ئىلاھلارنىـڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنـى ئىسـپاتلاش ئىـدى . ئەگەر ئـاللاھ تائـالا ئىبـراھىم ئەلەيھىسسـالامنى ئـوتتىن قۇتقۇزۇشـنىلا مەقسـەت قىلغان بولسا ئىدى ، قەۋمى ئـۇنى خـۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىـلەن مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى سۈيىقەسـتچى قەۋمـلەر تۇتالمىغانـدەك تۇتالمىغـان يـاكى يـامغۇر يېغىـپ ئـوت ئۆچـۈپ قالغـان سـەۋەبلەر بىلەنمـۇ ئـۇنى قۇتقـۇزالايتتى. ئەگەر ئىبـراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىـپ ئـوت ئۆچـۈپ قالغـان بولسـا ئـىدى ، قەۋمـى «ئەگەر بىـز ئىبراھىمنـى تۇتالىغـان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئـوت ئۆچـۈپ قالمىغـان بولسـا، ئەلـۋەتتە كۆيـدۈرۈلگەن بـولاتتى»دەپ كۆرەڭلەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئەمما يـالقۇنلاپ تۇرغـان ئـوت دۆۋىسـى ئۇنىڭغـا تاشـلانغان ئىبـراھىم ئەلەيھىسسـالامنى كۆيدۈرەلمـىدى، ئـۇلار گۇمـان قىلغـان ئىلاھـلار ئـۇنى جازالىيالمـىدى. نەتىجىـدە، ئـۇلار «ئىلاھلىرىمىز»دەپ چوقۇنغـان بۇتلارنىـڭ بىراۋغـا پايـدا يـاكى زىيـان يەتكۈزەلمەيـدىغان ھەتتـا ئۆزلىرىنىمـۇ زىيـان ـ زەخمەتلەردىـن قوغدىيالمايـدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ھاساڭ بىـلەن دېڭىزغا ئـۇر!﴾دېگەن ئەمرىگە ئاساسـەن، ھاسىسـى بىـلەن ئۇرىۋىـدى، دېڭىـز سـۈيى خـۇددى ئىككى چـوڭ تاغـدەك ئىككـى تەرەپكە ئايرىلىـپ، ئوتتۇرىـدىن يـول ھاسـىل بولـدى. سـۇنىڭ بۇنـداق بولۇشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مـۆجىزە ئـۇنى شـۇنداق قىلالىـدى. بـۇ مۇسـا ئەلەيھىسسـالامنىڭ خاسـىيەتلىك ھاسىسـىنىڭ كـارامىتى ئەمەس، بەلكـى ئـۇ ئارقىـدا پىـرئەۋن قوشـۇنلىرى، ئالدىـدا پايانسـىز دېڭىـز ئىككىسـىنىڭ ئوتتۇرىسـىدا

قىلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇتۇلۇشتىن تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى﴿بىز ئەمدى تۇتۇلىدىغان بولدۇق﴾ دېگەندە، ئۇ ﴿ياق! ئاللاھ مېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. ئۇ مېنى نىجاتلىققا يېتەكلەيدۇ﴾دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى .

# قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى مۆجىزىلەردىن پەرقى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى»دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان

مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمىر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساماۋى

(1) ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت

كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۆزگەرتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

## قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ساقلىماقتا

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيەلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ

مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر!

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

سوئال: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەر ئۈچۈنلا مۆجىزىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا دۇئېل ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

1. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈش زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيەلەنگەن بىر زات ئىدى . ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئان كەرىمدە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلەر تەپسىلي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن

تارىخشۇناسلاردىن مىگىدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئۆلىمالىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان﴿سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾ دېگەن ئايەتلىرى قۇرئاننىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ﴿ **ذَلِكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَامَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ** ﴾يەنى﴿بۇ- ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقىنىمىز ـ غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيەسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، ئۇلار ئۆز ئارا جېدەل قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1]، ﴿ **وَمَا كُنْتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنْتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ** ﴾ يەنى﴿ بىز مۇساغا ۋەھيى قىلغان چاغدا،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 44- ئايەت

سەن غەربىي تاغنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ ۋە (بۇ ۋەقەلىكنى)كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ ﴾[1].

2. قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز ـ ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿ **وَيَقُولُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا اللَّهُ بِمَا نَقُولُ**﴾ يەنى﴿ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «ئاللاھ بۇ سۆزىمىز سەۋەبلىك نېمىشقا بىزنى جازالىمايدۇ؟» دەيدۇ﴾[2].

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئەي مۇھەممەد! بىز ئۇنداق ئويلىغان ئەمەس، سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن»دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام، جىم دېيەلمىدى.

بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. ﴿

---

(1) قەسەس سۈرىسى 44- ئايەت

(2) مۇجادەلە سۈرىسى 8- ئايەت

**سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَا**﴾يەنى﴿ بەزى ئەخمەق كىشىلەر:«ئۇلارنى قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت، قىبلە بەيتۇلمەقدىستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستتىنلا شۇنداق دېيىشكەن.

﴿ **يَعْتَذِرُونَ إِلَيْكُمْ إِذَا رَجَعْتُمْ إِلَيْهِمْ قُلْ لَا تَعْتَذِرُوا لَنْ نُؤْمِنَ لَكُمْ قَدْ نَبَّأَنَا اللَّهُ مِنْ أَخْبَارِكُمْ وَسَيَرَى اللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ** ﴾ يەنى﴿ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾[2] بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق

(1) بەقەرە سۈرىسى 142- ئايەت
(2) تەۋبە سۈرىسى 94- ئايەت

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە كېلەچەكتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

﴿ سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ ﴾يەنى ﴿كاپىرلار توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[1] بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە:«قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇپ بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى(626م) بىرلەشكەن ئەرەب توپى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 ـ ھىجرىيە (630م) يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى .

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز﴾[2]. كېيىن بەدرى غازىتى بولغان كۈندە

---

(1) قەمەر سۈرىسى 45ـ ئايەت

(1) نۇن سۈرىسى 16ـ ئايەت

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىغا قىلىچ ئۇرۇلۇپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستىن كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىچىرەك بولغان بولسا ئىش قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى ئىدى؟

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جېنى بىلەن دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﴿ **تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ. مَا أَغْنَى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ. سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ . وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ. فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ**﴾يەنى ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! زادى قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ، ئايالىمۇ ( ئۇ كۆيىدىغان ئوتقا) ئوتۇن توشۇغان، بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولغان ھالدا، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ﴾[1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىشىنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: مېنى مۇھەممەد «مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ دېدى، گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ

---

(1) مەسەد سۈرىسى.

ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام توغرۇلۇق شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەنكى، قۇرئان كەرىم چۈشكەن زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ۋە ئەقلىلەرگە يېتىلگەن بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

دېمەك قۇرئان كەرىم پايانسىز بىر ئوكيان. قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق قانچىلىك يازساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ ۋە كۇپايە قىلمايدۇ.

# باشقا دىندىكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى

سوئال: باشقا دىندىكى ھازىرقى زامان ئالىملىرى قۇرئانغا قانداق باھا بېرىدۇ؟

جاۋاب: غەيرىي دىندىكى ھازىرقى زامان ھەر ساھە ئالىملىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر راستچىل مەيداندا تۇرۇپ قۇرئان كەرىم ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق چۈشەنگەنلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ھەققىدە باشقا دىندىكى ئالىملارنىڭ مەدھىيەلىرىگە ھېچبىر ھاجەت بولمىسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە غەربلىك بەزى شەرقشۇناسلارنىڭ قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىدىن بىر قانچىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈشنى خالايمىز.

1. شەرقشۇناس سېيل مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى تولىمۇ ئېسىل ۋە ئۇستۇلندۇركى، ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىس ئۇسلۇبى ۋە تىلاۋىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماي قارشى سەپتە تۇرغان خىرىستىيانلارنىڭ زېھنلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالماقتا».

2. فىرانسىيەلىك دوكتور موررىس بۇكاي مۇنداق دەيدۇ: « قۇرئان ــ ئىلاھىي ھېكمەت ئىنسانلار ئۈچۈن شۇنداق دۇنياغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئەۋزەل كىتابتۇر. ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە شەك يوق».

3. شەرقشۇناس لېيون مۇنداق دەيدۇ: « قۇرئان دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدىكى

ئۈستۈنلىكى خۇددى ئۇ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتتىكىدەك داۋام قىلماقتا، ئۇنىڭدىكى ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوق«.

4. مورىس بۇكاي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «..... يۇقىرىقى بايانلار مۇھەممەد قۇرئاننىڭ ئاپتورى دېگۈچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان خىلمۇ خىل پەرەزلەرنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. خەت تونۇمايدىغان بىر ئادەم قانداقلارچە ئەدەبىيات ساھەسىدە، پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يازغۇچى بولۇپ قالسۇن؟ ئۇنىڭ پەننى ھەقىقەتلەرنى قىلچىمۇ خاتالاشماستىن شۇنداق توغرا شەرھلەپ بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇ دەۋردىكى باشقا ھەرقانداق كىشى مۇشۇنداق قىلالىغانمۇ؟

قۇرئاننى زامانىۋى بىلىملەرگە ئاساسلىنىپ ساپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە تەھلىل قىلغىنىمىزدىمۇ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىلەن ھازىرقى زامان پەننى بىلىملەرنىڭ شۇنچە بىردەك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ بىزنى شۇنداق تونۇشقا ئىگە قىلىدۇكى، مۇھەممەد ياشىغان دەۋردىكى بىلىم ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مەسىلىگە مۇشۇنداق قارالسا، قۇرئانغا ئىنتايىن ئالاھىدە بىر باھا بەرگىلى بولىدۇ. بەلكى ئادىل پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئىلىم - پەن خادىملىرىمۇ پەقەت ماتېرىيالىستىك ئانالىزغىلا تايىنىپ بۇ ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىقرار بولماي تۇرالمايدۇ»[1].

---

(1) مۇرىس بۇكاينىڭ «ئىنجىل، قۇرئان ۋە پەن» دېگەن كىتابىنىڭ 125 - بېتىدىن.

5. پ.ت. خۇئىس مۇنداق دەيدۇ: « قۇرئاننى ئادەم قانچە كۆپ ئوقۇسىمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكمەيدۇ. ھەر بىر قېتىم ئۇنى ئوقۇغاندا، دەسلەپ تەمسىزدەك بىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ مەزمۇنلار بولۇپ، ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي مەزمۇنلار، مەقسەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. كەسكىن، ھەيۋەتلىك جايلىرىمۇ ۋە سۈرلۈك جايلىرىمۇ بار. قىسقىسى ئۇنىڭ تەنتەنىلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس..... شۇڭا دەيمىزكى، بۇ دەستۇر كەلگۈسى دۇنياغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى»[1].

6. ئاجىس. ج. ئاپىللى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بارچە ئەقىل ـ پاراستىم بىلەن قۇرئاندىكى مول بىلىملەر ۋە خىلمۇ خىل ۋەزىنلەر ئۈستىدە ئىزدەندىم. ئۇنىڭدىكى ۋەھىيلەرنىڭ ئۆز مەزمۇنىدىن باشقا قاپىداش ھەم ۋەزىنلىك ئىبارىلەر جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقىدىكى ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ئەدەبىي ئەسەر بولۇشقا تېگىشلىك. خۇددى ئىسلام ئېتىقادچىسى پىكىتخوئېل ئېيتقاندەك، قۇرئان بىر تەڭداشسىز سىمفونىيە، ئۇ كىشىلەرنى يىغلىتىدىغان ھەم پۈتۈنلەي ئۆزىگە تارتىدىغان كۈي ناۋاسىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكىگە بۇرۇنقى تەرجىمشۇناسلىرىمىز ئاساسەن سەل قارىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئەسلىسىگە سېلىشتۇرغاندا، تەرجىمىنىڭ ئۆلۈك ھەم ئادەتتىكىدەك بولۇپ قالغانلىقىغا ئانچە ھەيران

(1) پ.ت. خۇئىسنىڭ «ئىسلامۇللۇغەت» ناملىق ئەسىرى 526ـ بەت.

بولۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ»(1).

(1) ئاجىس. ج. ئاپپللى «قۇرئاننىڭ رولى» ناملىق ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدىن.

# بەشىنچى باب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## قازا ۋە قەدەر

سوئال: قەدەر( يەنى تەقدىر) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قەدەر ــ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان بارلىق ياخشى ـ يامان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىپ شۇنداق يارىتىشى ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە بەلگىلىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ **إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ** ﴾يەنى﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[1] ۋە ﴿ **وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ** ﴾يەنى﴿ئاسمان، زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا خاتىرىلەنگەن﴾[2] دېگەن سۆزلىرى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

سوئال: قازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ئالدىنئالا بىلگىنى ۋە

---

(1) قەمەر سۈرىسى 49ـ ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى 61ـ ئايەت

بەلگىلىگىنىگە ئاساسەن، كائىناتتا بولىدىغان بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر بولىدىغان ئىش - پائالىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

**قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى**

سوئال: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

1. تەقدىر دېمەك باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارى بولمايدىغان بىرلا يول دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تەقدىر ئىنساننىڭ تاللىشىغا قاراپ بىر قانچە تارماقلىق يولغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى سىزگە نىسبەتەن قاراڭغۇلۇق كۆرۈنىسمۇ، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن خۇددى خەرىتىگە ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەسىلەن: شەرق تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا يېتىپ بارىسىز. قۇرۇقلۇقتىن ماڭسىڭىز بىخەتەر يېتىپ بارىسىز، ھاۋادىن ماڭسىڭىز تېز يېتىپ بارىسىز، دېڭىز ئارقىلىق ماڭسىڭىز خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، دەپ سىزىپ كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا تەقدىرنى ئەنە شۇنداق بەلگىلىگەن. ئىنسانلار يول تاللاش ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قايسىبىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى

ۋىدىيو پىلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ ساقلانغان ئارخىپقا ئوخشاشتۇر. سىز قايسىبىر يولنى تاللىماق ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللانماق سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىسىز. چۈنكى سىز تاللايدىغان يوللار، قىلىدىغان ئىشلار ۋە قوللىنىدىغان سەۋەبلەر، چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر خەرىتىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ۋە قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى سىزگە بېرىلگەن. مەسىلەن: سىزنىڭ قايسى شەھەردە ئولتۇراقلىشىشىڭىز، قايسى خىزمەتنى قىلىشىڭىز ، كىم بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشىڭىز، كىملەر بىلەن دوست بولۇشىڭىز قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزگە بېرىلگەن ئىختىيارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارىڭىزمۇ بار ئىدى. تەقدىردە سىز تاللىغان ۋە تاللىمىغان ئىختىيارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىلىرى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە مۇنداق بولاتتى، بۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە بۇنداق بولاتتى، ئەمما بۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش. مانا بۇ «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

2. بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن نەرسىسىگە بەندىلەرنى زورلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە ـ خاھىشنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەتنى بەرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر بەندىنىڭ

كىلەچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق بەلگىلىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش. چۈنكى ئىنساندا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە بار.

3. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ، يامان ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما ئىنسان يامانلىقنى خالاپ، ئۇنىڭغا بەل باغلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يامان ئىشقا رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئىنساننىڭ شۇ يامانلىقنى قىلىش ئىختىيارىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر﴾[1] دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر قىلماقچى بولغان ياخشى ـ يامان قانداقلا بىر ئىشقا ئاللاھ تائالا يول قويمىغۇچە سىلەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايسىلەر، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِن تَكْفُرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمْ وَلَا يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلْكُفْرَ وَإِن تَشْكُرُواْ يَرْضَهُ لَكُمْ**﴾ يەنى ﴿ئەگەر كاپىر بولساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر شۈكۈر

(1) تەكۋىر سۈرىسى 29ـ ئايەت

قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولىدۇ﴾[1] .

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَقُلِ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيَكْفُرْ إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ﴾ يەنى ﴿دېگىنكى:« ھەق رەببىڭلاردىندۇر. ئۇنداقتا، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئىنكار قىلسۇن» شۇ ئېنىقكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق ﴾[2] .

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئالتە ئىمانىنىڭ بىرىدۇر. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت ھەقىقەتكە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. كائىناتتا بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق پايدىلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن: يامغۇرنىڭ يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسۇل

(1) زۇمەر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

بىرىشى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە بېرىشى، شۇنداقلا دۇنيادا يۈز بېرىپ تۇرغان ھەر قانداق زىيانلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن: يەر تەۋرەش، ۋابا، قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾يەنى ﴿يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن كىتابتا(لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغان. چۈنكى بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾[1].

2. دۇنيادىكى ھەر قانداق ياخشىلىقلار، مەسىلەن: تىنچلىق، ئامانلىق، تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك، باياشاتلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بەختسىزلىكلەر، مەسىلەن: ئۇرۇش، ئۆلۈم، كېسەللىك، دەرد ، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ، بۇلارنى ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : ﴿ وَإِنْ يَمْسَسْكَ اللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُ إِلَّا هُوَ وَإِنْ يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴾يەنى﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ

(1) ھەدىد سۈرىسى 22 ـ ئايەت

ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

3. مەخلۇقاتلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، يېيىش ـ ئىچىش ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارغا ئۇلارنى قانداق يوسۇندا قىلىشنىڭ ئىختىيارىنى ۋە قابىلىيىتىنى بەرگەن، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ**﴾يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2].

4. ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقايسىسىنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، بۇ ئىختىيارنى ئۇلارغا ئاللاھ تائالا بەرگەن، دەپ ئىشىنىش.

ئاللاھ تائالا ئەزەلدە ئىنسانلارنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ياخشى ـ يامان ھەر قانداق ئىشلىرىنى ئېنىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى شۇ بويىچە بولۇشقا بەلگىلىگەن ۋە ئىنسانلارنى خالىغانلىرىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادە بىلەن بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن. ئىنسانلار بىرەر

(1) ئەنئام سۈرىسى 17 ـ ئايەت
(2) مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت

ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئۇلار بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ ياخشىلىقلارنى قىلىشقا تەرغىب قىلدى، يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۈرلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەب بىلەن مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇندا:

1. ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كېسەللىك، دەرد ـ ئەلەم، بالايىئاپەت، يوقسۇللۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىش بىلەن بىرگە بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئۇلارنى كۆتۈرۈۋېتىشنى سوراپ دۇئا قىلىش ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى يۇقىرىقى كۈلپەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن) تارتقان جاپالارنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تائالانىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىراق كېلەچەككە ئائىت ئىشلارنى «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ»، دەپ ئىشلىمەستىن، سەۋەب قىلماستىن «ئۇجمە پىش ئاغزىمغا

چۈش» دەپ ئولتۇرۇۋېلىش ئىنسانلىقنىڭ شەنىگە ھەرگىزمۇ ياراشمايدىغان تەييارتاپلىق ۋە ئىنسانلىق ھۆرمەتنىڭ ھېسابىغا ئىشلەنگەن كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر.

2. ئىنسانلارغا يەتكەن كېسەللىك، ئاجىزلىق ۋە يوقسۇللۇقلارنى «ئاللاھنىڭ تەقدىرىغۇ»، دەپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنى ياراتقان بولسا، ئىنساندا ئەقىل بىلەن ئىرادىنىمۇ ياراتتى. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا بەرگەن بۇ ئەقىل، ئىرادە بىلەن سەۋەب قىلىشىمۇ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «تەقدىر بىلەن كېسەل بولدۇمغۇ»، دەپ سەۋەب قىلماستىن ئۆلۈش ياكى «تەقدىر بىلەن ئوغرى بولۇپ قالدىمغۇ» دەپ ئوغرىلىق قىلىش ئېغىر گۇناھ ھەمدە ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر كېسەللىكنى ياكى دەردنى ياراتقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شىپاسىنى ياراتقان. ئىنسان ئۆزىدىكى ئىرادە ۋە ئەقىل بىلەن سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شىپاسىنى تېپىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا يامانلىقنى ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە جازالىرىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى ۋە بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىش ياكى ئۇلاردىن يېنىش ئىختىيارىنىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بەردى.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرىنى ئېلىپ كىرىدۇ. سوراق ئۈستىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىدىن «نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئوغرى «ئاللاھ تەقدىر قىلغانىكەن شۇڭا ئوغرىلىق قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىنى 30 قامچا ئۇرۇپ ئاندىن كېيىن قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق بەرگەندە، ساھابىلەردىن بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «نېمە ئۈچۈن بىر ئوغرىلىق جىنايىتىگە ئىككى جازا بېرىلىدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھقا يالغاندىن تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 30 قامچا ئۇرۇشقا، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدۇم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئوغرىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوغرىلىق قىلغان»[1] .

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ھادىسە، ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەرقانداق ئىشلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھ تائالا بەرگەن ئىختىيار بىلەن ئەركىندۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلارغا رازىكى، يامان ئىشلارغا رازى ئەمەستۇر.

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىلاھىي قانۇنىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر بالا ـ قازا ياكى

(1) ئۇستاز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللانىڭ «ئىلىم ۋە ئىمان»ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئىغىر كۈلپەتلەر كەلسە ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خۇشاللىقتىن ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بالا ـ قازا يەتكەندە سەبىر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. ئىنسان مەغلۇبىيەتكە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئىسىل ئەرلەرنى يارىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلاَّ بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَمَن يُؤْمِن بِٱللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ**﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر مۇسىبەت بولمىسۇن، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا بولىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1]

(1) تاغابۇن سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ـ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مەغپىرەت

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىن كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت، كېسەللىك، غەمكىنلىك، ھەتتا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] .

2. ساۋابلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿**ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَاجِعونَ أُولَـٰٓئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُهْتَدُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»دەيدۇ. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر،

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەتى.

ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[1] .

3. قانائەت ۋە كەڭ قورساقلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قانائەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان قىسمەتكە رازى بولغىن، كىشىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن بولىسەن»[2] .

چۈنكى قانائەت ئەڭ زور بايلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بايلىق پۇل ـ مالنىڭ كۆپلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ (قانائەت بىلەن بولغان) بايلىقىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

4. شىجائەت

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىققا شىجائەت بىلەن تاقابىل كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئەجەل ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ ـــ دە، باشقىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان خەۋپ ــ خەتەر ۋە زىيان ــ زەخمەتلەردىن قورقۇپ قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى! ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنىلا يەتكۈزەلەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت

(1) بەقەرە سۈرىسى 156 ـ 157 ـ ئايەتە.

(2) ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىنىلا يەتكۈزەلەيدۇ. قەلەملەر كۆتىرىلىپ بولدى، سەھىپىلەر يېزىلىپ بولدى»[1] .

5. سەۋرچانلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى سەۋرچان بولىدۇ، ئۆتكەنلەرگە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار، ساڭا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشقا قىزىققىن، ئاللاھتىن ياردەم سورىغىن، ئاجىز كەلمەيسەن. ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە ‹ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى› دېمىگىن، بەلكى ‹ئاللاھ شۇنى تەقدىر قىلغان ئىكەن شۇنداق بولىدى› دېگىن. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ‹ئەگەر...› دېيىش شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاچىدۇ»[2] .

6. ئۈمىدۋارلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ۋە روھى ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئوڭايلىقنىڭ بارلىقىغا، باشقا كەلگەن مۇسىبەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ بەدىلىگە ساۋابنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ۋە چوڭ قولدىن بېرىشلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ئاھ ئۇرۇپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بەلكى ئۈمىد بىلەن تەمكىن ھالدا خاتىرجەم

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۈمۈر سۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي ٱلأَرْضِ وَلاَ فِيٓ أَنفُسِكُمْ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ إِنَّ ذَلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ.لِّكَيْلاَ تَأْسَوْاْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلاَ تَفْرَحُواْ بِمَآ آتَاكُمْ﴾ يەنى ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرايدىغان مۇسىبەتلەر، بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن (لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان). چۈنكى بۇ ئىش ئاللاھقا ئاساندۇر. (ئاللاھنىڭ بۇنى بىلدۈرۈشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[1] .

---

(1) ھەدىد سۈرىسى 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

## ھىدايەت ۋە زالالەت ئاللاھ تائالادىندۇر

سوئال: بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىش راستتىنلا ئاللاھ تائالادىنمۇ؟

جاۋاب: توغرا، بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىش ئاللاھ تائالادىندۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە رۇخسىتىسىز ھىدايەت قىلالمايدۇ ۋە ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِي مَن يَشَآءُ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1] . بۇنىڭغا ئاساسەن، شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىزنى بىلەن بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشنى خالىسا ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ھىدايەت تاپىدۇ. ئاللاھ قانداقلا ئادەمنىڭ ئازغۇن بولۇشىنى خالىسا ئۇنىڭغا شەيتانلارنى مۇسەللەت قىلىدۇ - دە، شەيتانلار ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياخشى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھ تائالادىن بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَاناً فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ.وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ**﴾ يەنى ﴿كىمكى رەھماننىڭ زىكرى(قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز،

---

(1) فاتىر سۈرىسى 8 - ئايەت.

شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شۈبھىسىزكى شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[1] .

## ھىدايەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: ھىدايەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان تۈز يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، ئۇنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىزنى سىز بارماقچى بولغان جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاشتۇر.

سوئال: ھەر ئىككى ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىنلا كېلەمدۇ؟

جاۋاب: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّكَ لاَ تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ**﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن،

---

(1) زۇخرۇپ سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ [1] .

ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ، دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّكَ لَتَهْدِيٓ إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ**﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايسەن﴾ [2] .

ھازىر بىز توختىلىۋاتقان ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدىغان، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەتتۇر.

سوئال: ئاللاھ تائالا قانداق ئادەملەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ ۋە قانداق ئادەملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ كىشىگە توغرا يول تېپىشنىڭ ۋاسىتىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى﴿ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى خالىماي ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن كىشىگە ئازغۇنلۇقنى نېسىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى

---

(1) قەسەس سۈرىسى 56ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ﴿**فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمْ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِي ٱلْقَوْمَ ٱلْفَاسِقِينَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ يولدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] .

چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش پەقەت ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. دۇنيادا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن زور ئۇتۇق يوقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلمەستىن، ئارزۇ قىلىنماستىن ۋە سورالماستىن بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيَهْدِيٓ إِلَيْهِ مَنْ أَنَابَ**﴾يەنى ﴿ئاللاھ تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2] .

ئاللاھ تائالا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىماي، ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يوللىرىغا رازى بولۇپ، دىنىدىن يىراقلاشقۇچىلارنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَٱللَّهُ لَا يَهْدِي ٱلْقَوْمَ ٱلْفَاسِقِينَ**﴾يەنى ﴿ئاللاھ يولدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3] .

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، باتىلغا يۈزلەنگەنلەرنى

(1) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(3) تەۋبە سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

توغرا يولغا ھىدايەت قىلمايدۇ. ﴿**وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلْهُدَىٰ وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ ٱلْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَآءَتْ مَصِيرًا**﴾ يەنى ﴿كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇ جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز. بۇ نېمە دېگەن يامان ئاقىۋەت!﴾ [1] .

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. كىشىگە يەتكەن ياخشىلىق ـ يامانلىق، مۇسىبەت ـ خۇشاللىق ، پايدا ـ زىيانلارنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا بولۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. كېلەچەكتە بولىدىغان ھەر قانداق ئىشلارنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماندىن. بىراق «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ» دەپ سەۋەب قىلماسلىق ئىماندىن ئەمەس، بەلكى چوڭ خاتالىقتۇر.

گەرچە ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە ياخشى ـ يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولسىمۇ، ئىنسان شۇ رىزقنى ھاسىل قىلىش، جېنىنى قوغداش ۋە ئۆزى ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇ، «ئاللاھقا تەۋەككۈل

---

(1) نىسا سۈرىسى 115ـ ئايەت.

قىلدىم» دەپ سەۋەبنى قولدىن بېرىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى سۇيىئىستېمال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى. ھەر كىشى سەۋەب قىلىپ ئىشلىگىنىگە يارىشا قازىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَن لَّيْسَ لِلإِنسَانِ إِلاَّ مَا سَعَىٰ**﴾يەنى ﴿ ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭلار نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] .

(1) نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

## تەۋەككۇل ۋە ئۇنىڭ شەرتى

سوئال: تەۋەككۇل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۇل سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەت تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى ـــ ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىش دېمەكتۇر.

سوئال: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتى ـ تەۋەككۇل قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ئاۋۋال قولىدىن كېلىشى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە سەۋەبلەرنى قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: ئاددىي بىر دېھقان ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشتا، ئالدى بىلەن يەرنى ھەيدەپ يۇمشىتىدۇ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئۇرۇق ۋە ئوغۇتلارنى چاچىدۇ، سۇنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدۇ، مۇنىدىن باشقا دېھقانچىلىقنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زىرائەتنىڭ سالامەت ئۈنۈپ چىقىشى ۋە مول ھوسۇل بېرىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى سالامەت ئۈندۈرۈپ مول ھوسۇل چىقىرىپ بېرىدۇ. خالىسا تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئاپەتلىرىگە ئەمىر قىلىدۇ ـ دە، زىرائەتلەرنى بىر ئاندىلا نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىش سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەۋەبلەرگىلا چوقۇنۇپ كېتىپ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قېلىش توغرا بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ سەۋەب قىلماسلىق تېخىمۇ توغرا

بولمايدۇ. تەۋەككۇل پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُۥٓ إِنَّ ٱللَّهَ بَـٰلِغُ أَمْرِهِۦ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا تايىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مەقسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب

سوئال: توغرا يولغا ئەگەشمەسلىك ۋە يامان ئىشلانى تەقدىردىن كۆرۈش توغرىمۇ؟

جاۋاب: توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلىكنى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى تەقدىردىن كۆرۈش ھەقىقەتەن ئەقىلسىزلىك ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، بۇ كىتابلار بىلەن ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئېنىق بىلدۈردى ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىردى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىختىيارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى يول تاللاشتا ئەركىن ياراتتى. نەتىجىدە ھىدايەتنى زالالەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى يولىدا ئىشلەتكەن كىشىلەر ئاللاھ تائالا چاقىرغان توغرا يولغا ئەگەشتى. ئەمما ھىدايەتتىن زالالەتنى ئەۋزەل كۆرگەن كىشىلەر ھىدايەت يولىغا كىرىشنى خالىمىدى ياكى ئىزدەنمىدى، ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يوللىرىنى توغرا دەپ

---

(1) تالاق سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ھېس قىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن بولدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَلَمْ نَجْعَل لَّهُ عَيْنَيْنِ وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ وَهَدَيْنَاهُ ٱلنَّجْدَيْنِ**﴾ يەنى ﴿ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك، ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى تەقدىردىن كۆرگەنلىكىگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكْنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأْسَنَا**﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى﴾[2].

بەزىلەر مۇنداق دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن، مەن قىلىدىغان ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بىلىپ ۋە بەلگىلەپ شۇنداق يېزىۋەتكەنلىكى مېنى شۇ ئىشنى قىلىشقا زورلىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىك بىر مۇئەللىم ئىمتىھان سوئاللىرىنى تەييارلاش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي سىنىپتا قالىدىغانلىرى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىنىپتىن كۆچىدىغانلىرىنى

(1) بەلەد سۈرىسى 8 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 148 ـ ئايەت.

ئۆزىنىڭ بىلىشىگە ئاساسەن ئايرىپ چىقىپ، شۇ بويىچە بىر قەغەزگە يېزىپ قويغان بولسا، كېيىن ئىمتىھان باشلىنىپ ئىمتىھان نەتىجىسى خۇددى مۇئەللىمنىڭ بىلگىنى ۋە يېزىپ قويغىنى بويىچە چىقسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىم يازغان قەغەزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر مۇئەللىم بىزنى ئۆتەلمەيدۇ دەپ يازمىغان بولسا ئىدى، بىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق» دەپ دەۋالىششى توغرىمۇ؟ ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ؟ ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاب چوقۇم مۇنداق بولىدۇ: «مۇئەللىمنىڭ يازغىنى سىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭلار توغرىسىدىكى ئۆز ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەمما سىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ تەييارلىق قىلمىغانلىقىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار!»

ئاللاھ تائالا جىمى مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿مەخلۇقاتنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

بىزنى مۇشۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالا بۇ ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ.

---

(1) مۇلك سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

مۆئەللىم ئۆزىنىڭ ئىنسان بولغىنى سەۋەبلىك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بەلگىلەشتە بەزىدە خاتالىشىشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەرگىز خاتالاشمايدۇ!

## ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار

قازا ۋە قەدەرنىڭ جۈملىسىدىن بەزى ئىشلار باركى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلار خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن، ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلالمىسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ھالدا، بىۋاستە ئۆز خاھىشى بىلەنلا بېكىتتى. مەسىلەن: سىزنىڭ نەدە ۋە قاچان تۇغۇلىشىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كىملەر بولۇشى، بويىڭىزنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى، چىرايىڭىزنىڭ چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشى، ئەقلىڭىزنىڭ ئۆتكۈر ياكى كەم بولۇشى، خاراكتېرىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى، ئۆمرىڭىزنىڭ قانچىلىك بولۇشى ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىشلار بەندىنىڭ ئىختىيارى سىرتىدىكى ئىشلار بولغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن جاۋابكار ئەمەس، ئەلۋەتتە. ﴿**هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي ٱلْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَآءُ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ﴾[1]. ﴿**وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَيَخْتَارُ مَا كَانَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ سُبْحَانَ اللَّهِ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى( پەيغەمبەرلىككە ۋە خالىغان ئىشقا) تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، ئاللاھ(جىمى نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴾[1].

سوئال: لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: لەۋھۇلمەھپۇز ـ ئاللاھ ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەن كائىناتتا بولىدىغان ھەر قانداق ھادىسىلەر، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ھەر قانداق ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن بۈيۈك دىۋان دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئاسمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە. قۇرئان كەرىممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ ساقلانغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَّجِيدٌ. فِي لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ**﴾ يەنى ﴿بەلكى ئۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴾[2].

---

(1) قەسەس سۈرىسى 68ـ ئايەت.

(2) بۇرۇج سۈرىسى 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

# ئالتىنچى باب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

## ئىسلام نەزىرىدە بۇ دۇنيانىڭ ئورنى

ئىسلام نەزىرىدە، بۇ دۇنيا ھەركىم ئۈچۈن سىناق ۋە ئىمتىھان مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاخىرەتتە ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن بىر ئېكىنزارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مول ھوسۇلى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىشكە باشلاپ ئاخىرەتتە تولۇقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنياغا كەلگەنلەر مېھمان كۈتۈشكە چۈشكەن مۇساپىرلارغا ئوخشاش قىسقىلا ۋاقىت تۇرۇپ، يەنە ئۆز يولىغا داۋام قىلىدۇ.

## بۇ دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ھاياتتۇر

ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى قىسقىلا بىر ھايات بولۇپ، مەيلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، مەيلى قىسقا، بەرىبىر بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ ۋە ئاخىرەتتىكى ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ **وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَنْ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِنَ النَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ**﴾يەنى ﴿ئۇلار(ھېساب مەيدانىغا) توپلانغان كۈندە، دۇنيادا پەقەت بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇشقا يەتكۈچىلىك ۋاقىت ــ كۈندۈزدىن بىرەر سائەتلا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. ﴾ (1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە دۇنيا ھاياتىنى تەسۋىرلەپ:« مەن بۇ دۇنيادا، خۇددى ئىسسىق كۈندە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئازراق سايىداپ ئاندىن يەنە يولىغا داۋام

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى45-ئايەت.

قىلىپ كەتكەن بىر يولۇچىغا ئوخشاشمەن»[1] دېگەن. دېمەك، بۇ دۇنياغا كەلگەنلەر پەقەت يولۇچىلار، ھەممىنىڭ بارىدىغان ئاخىرقى بېكىتى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر.

مۇشۇ بەش كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ھايات ئۈچۈن كىشىلەر بىر-بىرىگە ھەقسىزلىق قىلىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى يەيدۇ ۋە زۇلۇم قىلىشىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. بۇ ھاياتقا ئالدىنىپ كېتىدىغانلار ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئاخىرەت ئىسمىلىك ئەسلى ھاياتنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ھاياتىنىلا ئويلايدۇ، ئولتۇرسا-قوپسا مۇشۇ پانىي ھاياتنىڭلا غېمىنى يەيدۇ.

## ھەقىقىي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر

ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلىش ھازىرقى زامانغىلا خاس بىر جاھالەت ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشلەردىمۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇلار ئېلان قىلغان «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەقتۇر»دېگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، بۇ پەيغەمبەرلەرگە ھەرخىل تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىققان ئازغۇنلار ئاز بولمىغان. بۇ ئازغۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقى بىلەنلا كۇپايە قىلىپ قالماستىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق سۆزلىرىگە قۇلاق سالغۇچىلارغا: ﴿ **هَيْهَاتَ هَيْهَاتَ لِمَا تُوعَدُونَ. إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ**﴾يەنى ﴿سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ئىش بەكمۇ يىراقتۇر. ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر. (بىر تەرەپتىن) ئۆلۈپ تۇرىمىز، (يەنە

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

بىر تەرەپتىن) تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىز قايتا تىرىلمەيمىز﴾[1] دەيتتى ۋە ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇشقا تىرىشاتتى.

يېقىنقى زامانلاردا بولسا، ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاتېئىزم سەپسەتىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى خۇراپات دەپ ساندى. شۇ ئېنىقكى، ئەسلى خۇراپات ۋە ئەڭ چوڭ ئازغۇنلۇق ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە ئاخىرى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكتۇر. ھازىرقى ئاتېئىزمچىلار قەدىمكى بۇتپەرەسلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان ئىنكارچىلارنىڭ ئەقلىيىتى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئازغۇنلاردۇر. دېمەك، ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق. گەرچە ئاتالغۇلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىنكارچىلارنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ دۇنياغا يېيىلىپ كەتكەن بۇ ئاتېئىزم سەپسەتىسى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، ئىلىم-پەننىڭ، خۇسۇسەن فىزىكا، بىيولوگىيە پەنلىرىنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ياراتقۇچىغا بولغان دالالەتلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى نەتىجىسىدە، خاتالىقى ئىسپاتلىنىپ ئاللىبۇرۇن سەھنىدىن چۈشكەن ۋە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بەزى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە يەنىلا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلماقتا.

«ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشىنىش ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ئادەم ئۇنىڭ

---

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى36-37-ئايەتلەر.

ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە ئىشىنىدۇ. بىر دېھقان تېرىغان يېرىنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە قايتا تېرىشقا، بىر بىناكار ئۆزى سالغان بىنانى يىقىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، ئۇنى يەنە قايتىدىن سېلىشقا قادىر بولغان يەردە، ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى ھالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتىدىن يەنە پەيدا قىلىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! قۇرئان كەرىم ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغۇچىلارغا ئۆز ۋاقتىدا يېتەرلىك رەددىيەلەرنى بەرگەن. ﴿ وَقَالُوا أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا وَرُفَاتًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا. قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا ﴾يەنى﴿ كاپىرلار: ‹‹بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟›› دېيىشىدۇ . سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ). ئۇلار: ‹‹بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟›› دەيدۇ. ئۇلارغا‹‹ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زات تىرىلدۈرىدۇ›› دېگىن.﴾ [1] بۇ ئايەتلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەق ۋەدە بولغان يەردە، ئۇنىڭدىن شەك قىلىشقا ئورۇن بارمۇ؟

كۆرۈۋاتىمىزكى، دۇنيادا ھەربىر لەھزىدە يېڭىدىن يارىتىلىشلار مەيدانغا كېلىپ تۇرماقتا. كېچە كۈندۈزنىڭ ھەربىر سائىتىدە مىڭلارچە تۈرلەر ئانىلىرىنىڭ قارنىدىن بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. ئۇلار دۇنياغا كۆز ئاچقىنىدىن

(1) ئىسرا سۈرىسى49ـ51ـئايەتلەر.

كېيىن، تۇرماستىن تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆسۈش بىلەن تاكامۇللۇققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. تۆرەلمىنىڭ مۇنداق مەيدانغا كېلىشىدە، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدىكى ئىرسىيەت ئۆزگىچىلىكلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا، مۇكەممەل بىر شەكىلدە يارىتىلىپ، دۇنياغا كۆز ئېچىشىدا، ئاتا-ئانىنىڭ شۇ بىر تامچە سۇنى تۆكۈشتىن باشقا خىزمىتى ياكى رولى بارمۇ؟﴿ **أَفَرَأَيْتُمْ مَا تُمْنُونَ. أَأَنْتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ**﴾يەنى﴿سىلەر تۆككەن شۇ ئابىمەنىينى ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنى سىلەر يارىتامسىلەر ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟﴾ (1)

يېڭى يارىتىلىشلار ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك دۇنياسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرماقتا، ھەربىر لەھزىدە يېڭىدىن يارىتىلىپ تۇرماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈش، نابۇت بولۇش بىلەن ھاياتلىقتىن يوقىلىپ تۇرماقتا. بۇلارنى ھېچكىم قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئۇلارنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىشىگە ئىشەنمەيمىز؟ ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم بۇ ماۋزۇدا غەپلەتتە قالغۇچىلارنى ئويغۇتۇپ كەلمەكتە. ﴿ **وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ النَّشْأَةَ الْأُولَى فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ**﴾يەنى﴿ تۇنجى يارىتىلىشنى بىلدىڭلار. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن (قايتا يارىتىلىش ھەققىدە) ئىبرەت ئالمايسىلەر؟﴾ (2) دېمەك، ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلار بىر پۈتۈن ئۆمرىنى جاھالەت ۋە غەپلەت

---

(1) ۋاقىئە سۈرىسى58-59-ئايەتلەر.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى62-ئايەت.

ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلاردۇر.

ھەربىر ئەقىللىك ئىنسان قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نىداسىغا قۇلاق سېلىشى لازىم. ﴿ **يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ. فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ. فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا. وَيَنْقَلِبُ إِلَى أَهْلِهِ مَسْرُورًا. وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاءَ ظَهْرِهِ. فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُورًا. وَيَصْلَى سَعِيرًا. إِنَّهُ كَانَ فِي أَهْلِهِ مَسْرُورًا**﴾يەنى﴿ ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن (ياخشى ـ يامان ئەمىلىڭ بىلەن) رەببىڭ تەرەپكە يول ئالغۇچىسەن ۋە ئاخىرىدا چوقۇم ئۇنىڭغا ئۇچرىشىسەن. (ئۇ كۈندە) نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھېساب بېرىشى بەك ئاسان بولىدۇ ۋە ئائىلىسىگە خۇشاللىق ئىچىدە قايتىدۇ. ئەمدى، نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۆزىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنى تىلەپ ۋايلىدۇ، (ئەمما) ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ﴾ (1)

ئادالەت بۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. كۆرۈۋاتىمىزكى، ئەخمەقلەر يۇقىرى مەنسەپلەرگە ۋە ئالىي مەرتىۋىلەرگە چىقىۋالغان، دانالار خارلىقتا ياتقان، پەسكەشلەر ئەتىۋارلىنىۋاتقان، ياخشىلار چەتكە قېقىلىۋاتقان، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈۋاتقانلار ھېچنېمە بولمىغاندەك ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، ھەق ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئېرىشەلمىگەن. بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى جىددىي

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى 6 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

تەقەززا قىلىدۇ، ئاخىرەت ئالىمىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتە، ئادالەت تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، بۇ دۇنيادا ئەزىز بولغانلارنىڭ خار، بايلارنىڭ نامرات بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. قىيامەت چوڭ بىر ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كېلىدۇ. ﴿ إِذَا وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ.لَيْسَ لِوَقْعَتِهَا كَاذِبَةٌ. خَافِضَةٌ رَافِعَةٌ﴾يەنى ﴿ قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى يالغانغا چىقىرىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ. ئۇ ( بەزىلەرنى) چۈشۈرگۈچى، (بەزىلەرنى بولسا) كۆتۈرگۈچىدۇر﴾ [1].

قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئۇنىڭ بولۇشىدا شەك يوق. چۈنكى ئۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. [2]

---

(2) ۋاقىئە سۈرىسى1ـ3ـئايەتلەر.

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى، ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ« ئىسلام ھەققىدە 100 سوئالغا جاۋاب»ناملىق ئەسىرىنىڭ 39ـۋە 40ـ بەتلىرىدىن.

# قىيامەت كۈنى

سوئال: قىيامەت كۈنى دېگەن قانداق كۈن؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنى ـ بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسملىك يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر.

قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمدە «ھېساب كۈنى»، «دىن كۈن»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جازا كۈنى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە.

سوئال: قىيامەت كۈنىدە قانداق ئىشلار بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ. ھېساب مەيدانىدا ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. بۇ كۈندىكى ھېسابنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كۈندە زەررە چاغلىق ياخشىلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە زەررە چاغلىق يامانلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ.

بۇ كۈندە ھېچكىمگە ئازراقمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. قىيامەت كۈنى ھەققىدە زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. ھازىرقى زامان ھەر ساھە تەبئىي پەن

ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ، دۇنيانىڭ بىر كۈنى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، ھەممە يوق بولۇشى بىلەن ھاياتلىقنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبْعَثُواْ قُلْ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ**﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر﴾ [1].

﴿**لَآ أُقْسِمُ بِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ * وَلَآ أُقْسِمُ بِٱلنَّفْسِ ٱللَّوَّامَةِ * أَيَحْسَبُ ٱلْإِنسَـٰنُ أَلَّن نَّجْمَعَ عِظَامَهُۥ * بَلَىٰ قَـٰدِرِينَ عَلَىٰٓ أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُۥ**﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى، ئىنسان بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى توپلىيالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ياق! بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنىمۇ باراۋەر قىلىشقا قادىرمىز﴾[2]. بۇ ئايەت ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر خىل ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشقۇ ئەلۋەتتە قولىمىزدىن كېلىدۇ، ھەتتا

(1) تاغابۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

(2) قىيامەت سۈرىسى 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىمۇ بىر خىل، باراۋەر قىلىشقا قادىرمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنىڭ ئىمان توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: « ئىمان ــ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتۇر»[1] .

بۇلاردىن باشقىمۇ، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

سوئال: قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇ كۈندە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدىغانلىقى ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتتە، دوزاخقا مەنسۇپ بولغانلار دوزاختا ئۆز ئورۇنلىرىنى تاپىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى ۋە ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق نۇقتىسىدۇر. ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش كۇفرىلىقتۇر.

## قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ئىككى ھەقىقەت

سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى ئىككى ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان بەئىس، ھەشر ، شاپائەت، مىزان، جازا، ھېساب، سىرات، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

2. قىيامەت قايىم بولغۇچىلىك قەبرىدە بولىدىغان بەرزەخ ئالەمىگە ئائىت ئىشلارغا، يەنى مېيىتنىڭ قەبرىدە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ۋە سوراق ـ سوئال قىلىنىدىغانلىقىنىڭ، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

## قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى

سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرىنى تۆۋەندە 3 كە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ساۋابىنى كۆزلەپ تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا ئالدىراش.

2. قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇلۇش.

3. بۇ دۇنيادا تارتقان جەۋر ـ جاپالار، يولۇققان ھەقسىزلىقلار ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ بەدىلىگە، ئاخىرەتتە ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەملىك ھېس قىلىش.

## قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

سوئال: ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقلىي (قۇرئان ۋە سۈننەت دەلىللىرى)، ئەقلىي ۋە ھېسسىي دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

1. نەقلىي دەلىل

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. مۇندىن باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم مەيدانغا چىقىدىغانلىقىغا ۋە بۇ كۈندە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

2. ئەقلىي دەلىل

ئەقلىي دەلىللەر ئىككى يول بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

(1) ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان تەڭداشسىز ياراتقۇچىدۇر. مەخلۇقاتلارنى يوق قىلىش ۋە بار قىلىش ئاللاھ

تائالاغا ئاساندۇر. مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن، قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئالالھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَأُ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ﴾ يەنى ﴿ ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭايدۇر﴾[1] .

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ وَعْدًا عَلَيْنَآ إِنَّا كُنَّا فَـٰعِلِينَ﴾ يەنى ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز، (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر. ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾[2] .

(2) زېمىن ئەسلىدە دەل ـ دەرەخ ۋە يېشىللىقلاردىن خالىي ئۆلۈك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، قاقاس زېمىن تىرىلىپ ئۇنىڭدا تۈرلۈك دەل ـ دەرەخلەر ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ئۆلۈك زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ئەلۋەتتە، ئۆلگەن جانلىقلارنىمۇ تىرىلدۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ ءَايَـٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَـٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ إِنَّ ٱلَّذِىٓ أَحْيَـٰهَا لَمُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر

---

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

(2) ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ. شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنىمۇ ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر. چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

3. ھېسسىي دەلىل

ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بەندىلىرىگە مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسەتكەن. بىرلا سۈرە بەقەرەدە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئاللاھ تائالانىڭ قادىر ئىكەنلىكىگە 5 مىسال كۆرستىلگەن.

(1)مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى «بىز ئاللاھنى ئاشكارا ھالدا كۆرمىسەك ساڭا ئىشەنمەيمىز» دەپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتىدىن تىرىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُون. ثُمَّ بَعَثْنَاكُمْ مِنْ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ يەنى ﴿ بىر زامانلاردا سىلەر :«ئى مۇسا! بىز ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»دېدىڭلار-دە، قاراپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق ﴾[2].

(2) قاتىلى بىلىنمىگەن ئۆلۈك توغرۇلۇق ئىسرائىل ئەۋلادى جېدەل-جېدەل قىلىشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قاتىلنى

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 39 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 55 ـ 56 ـ ئايەت.

تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارنى كالا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقُلْنَا اضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا كَذَٰلِكَ يُحْيِ اللَّهُ الْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ يەنى ﴿(سىلەرگە)دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار(ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ﴾[1].

(3) ئۆلۈمدىن قورقۇپ ۋەتىنىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتىدىن تىرىلدۈرگەن قەۋمنىڭ قىسسىسى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللَّهُ مُوتُوا ثُمَّ أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَشْكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى«ئۆلۈڭلار» دېدى، ئۇلار ئۆلدى. ئاندىن ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى شۈكۈر قىلمايدۇ﴾[2].

(4) ئۇزەير ئەلەيھىسسالام تام ـ ئۆگزىلىرى يىقىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان بەيتۇلمۇقەددەس شەھرىدىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۇ «بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى ئاللاھ قانداق

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 73 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەت.

تىرىلـــدۈرەر؟»دەپ ئەجەبلەنگەنـــدە ئـــاللاھ تائالانـــىڭ ئـــۇنى ئۆلتـــۈرۈپ 100 يىلـــدىن كېـــيىن تىرىلـــدۈرگەنلىكى توغرۇلـــۇق قۇرئان كەرىم مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿أَوْ كَٱلَّذِى مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْىِ هَـٰذِهِ ٱللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ مِائَةَ عَـامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِائَـةَ عَامٍ فَٱنظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَٱنظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ ءَايَةً لِلنَّاسِ وَٱنظُرْ إِلَى ٱلعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿ ياكى سەن تام، ئـۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغـان خارابە شـەھەردىن ئـۆتكەن كىشـــىنى كۆرمـــىدىڭمۇ؟ ئـــۇ ئەجەبلىنىـــپ: « ئـــاللاھ بـــۇلارنى ئۆلگەنـدىن كېـيىن قانـداق تىرىلـدۈرەركىن؟» دېـدى. شـۇنىڭ بىلەن ئـاللاھ ئـۇنى ئۆلتـۈرۈپ شـۇ ھالىتـدە يـۈز يىـل تۇرغـۇزدى. ئاندىن ئۇنى تىرىلـدۈردى ۋە ئۇنىڭـدىن: «بـۇ ھـالەتتە قانچىلىـك تـۇردۇڭ؟» دەپ سـورىدى. ئـۇ: «بىـر كـۈن يـاكى بىـر كـۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تـۇردۇم» دېـدى. ئـاللاھ ئېيتتـى: «يـاق، يـۈز يىـل تـۇردۇڭ، يـېمەك ـ ئىچمىكىڭـگە قـارىغىنكى، بۇزۇلمىغـان. ئېشـــىكىڭگىمۇ قـــاراپ بـــاق. ســـېنى بىـــز ئىنســـانلارغا (قۇدرىتىمىزنىڭ)دەلىلى قىلىشىمىز ئۈچۈن(شـۇنداق قىلـدۇق). بـۇ سـۆڭەكلەرگە قـارىغىنكى، ئـۇنى قانـداق قۇراشـتۇرىمىز، ئانـدىن ئۇنىڭغـا گـۆش قونـدۇرىمىز. يـۇقىرىقى ئىشـلار ئۇنىڭغـا ئېنىـق بولغـان چاغـدا، ئـۇ: «مەن ئاللاھنىـڭ ھەمـمە نەرسـىگە قـادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم»دېدى ﴾[1] .

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 259 ـ ئايەت.

(5) ئـــــاللاھ تائـــــالادىن ئۆلــــۈكلەرنى قانــــــداق تىرىلدۈرىــدىغانلىقىنى كۆرســتىپ بېرىشــنى ســورىغان ئىبــراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ ئـاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَىٰ وَلَـٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ يەنـى ﴿ئـۆز ۋاقتىـدا ئىبـراھىم: «ئـى رەببىم! ئۆلــــۈكلەرنى قانـــــداق تىرىلدۈرىـــــدىغانلىقىڭنى ماڭـــــا كۆرســەتكىن»دېــدى. ئــاللاھ تائــالا ئۇنىڭغــا«ســەن ئېخــى ئىشــەنمىدىڭمۇ؟»دېـدى. ئىبـراھىم: «ئىشـەندىم، لېكىن كۆڭلـۈم تېخىمـۇ ئـارام تاپسـۇن ئۈچـۈن (كۆرۈشـنى تىلەيـمەن)» دېـدى. ئــاللاھ ئېيتتــى: «قۇشــتىن تــۆتنى ئــالغىن، ئــۇلارنى ئــۆزۈڭگە تونۇلىغىن(ئۆلتــۈرۈپ، پــارچىلاپ گۆشــلىرىنى پەيلــرى بىــلەن ئارىلاشـتۇرغىن)، ئانـدىن ھەربىـر تاغقـا ئـۇلاردىن بىـر بۆلـۈكىنى قــويغىن، ئانــدىن ئــۇلارنى چــاقىرغىن، سېنىڭ ئالــدىڭغا ئــۇلار چاپسـان كېلىـدۇ، بىلگىنكـى، ئـاللاھ غـالىبتۇر، ھېكمەت بىـلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] .

يۇقىرىقى مىساللار ئاللاھ تائالانىـڭ ئۆلـۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشـكە قـــادىر ئىكەنلىكىـــگە كۆرســـتىلگەن ھېســـسىي ۋە ئەمەلىـــي مىساللاردۇر.

## قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

سوئال: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 260 ـ ئايەت.

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ئاللاھقىلا خاس ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَسْأَلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَٰهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِنْدَ رَبِّي لاَ يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلاَّ هُوَثَقُلَتْ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلأَرْضِ لاَ تَأْتِيكُمْ إِلاَّ بَغْتَةً**﴾ يەنى ﴿ ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت رەببىم بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، (ئۇنىڭ ئىشى) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر كەلگەندۇر، ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ» ﴾[1] .

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

سوئال: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى: ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقىلىشى، جاھالەت، زىنا ۋە ھاراقنىڭ كۆپىيىشى، يەھۇدىيلارنىڭ يوقىتىلىشى، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىش باشقۇرۇشى، يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە باشقىلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى،

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ھەتتا ھەر بىر ئەركىشىگە 50 تىن ئايالنىڭ توغرا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلار تارمار قىلىدۇ. ھەتتا بىرەر يەھۇدىي (قاچقىلى يەر تاپالماي) چوڭ تاشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا، تاش ۋە دەرەخلەردىن ئاۋاز كېلىپ « ئى مۇسۇلمان! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر» دەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. پەقەت «غەردەق» ناملىق يەھۇدىي دەرىخىدىنلا ئاۋاز كەلمەيدۇ»[2] .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن ‹ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ› ئۇ، ئامانەت قانداق يوقىلىدۇ دەپ سورالغىنىدا ‹لاياقەتسىز كىشىلەر ئىش باشقۇرغاندا› دەپ جاۋاب بەرگەن»[3] .

2. قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دەججالنىڭ چىقىشى

دەججال چىققاندىن كېيىن، ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ كېتىدۇ. دەججالنىڭ سۆزلىرىگە

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىشەنگەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ دەججالنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

(2) ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى

ئىيسا ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن چۈشۈپ،دەججالنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىدە ئىسلام دىنىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ.

(3) قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هَلْ يَنظُرُونَ إِلاَّ أَن تَأْتِيهُمُ ٱلْمَلَـٰئِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ لاَ يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِيٓ إِيمَـٰنِهَا خَيْرًا**﴾ يەنى ﴿ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾[1].

(1) ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

# قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى

سوئال: قەبرىدە مېيىتتىن نېمە دەپ سورىلىدۇ؟

جاۋاب: مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبرىدە مېيىتنىڭ يېنىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن«رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، يۇقىرىقى سوئاللارغا «رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئورنۇڭ - ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ - بۇ ئىدى. ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورنۇڭنى جەننەتكە بەلگىلىدى، دەپ جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىدۇ ۋە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئورنۇڭ مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭ دوزاخ بولىدۇ، دەپ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتقاندا، مېيىت تىرىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن‹بۇ كىشىنى(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) نېمە دەپ بىلىسەن؟›دەپ سورايدۇ. مېيىت مۇئمىن بولسا،‹مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق

بىــرىمەن›دەپ جــاۋاب بېرىــدۇ. ئانــدىن ئۇنىڭغــا، ‹دوزاختىكــى ئورنۇڭغــا قــاراپ بــاق، ئــاللاھ سېنىڭ بــۇ ئورنــۇڭنى جەننەتتىكــى مۇنــۇ ئورۇنغــا ئــۆزگەرتتى› دەيــدۇ، ئــۇلار ھەممىســى(يەنى ئىككــى پەرىشــتە بىــلەن مېيىــت) بــۇ ئىككــى ئــورۇننى ئېنىــق كۆرىــدۇ. ئانــدىن ئۇنىــڭ قەبرىســى كېڭەيتىلىــدۇ. ئەممــا كــاپىرلار بىــلەن مۇنــاپىقلار پەرىشــتىلەرنىڭ ‹بــۇ كىشــىنى نــېمە دەپ بىلىســەن؟ دېــگەن ســوئالىغا،‹بىلمەيــمەن، كىشــىلەرنىڭ دېگىنىنــى دەيتــتىم› دەپ جــاۋاب بېرىــدۇ. ئانــدىن ئــۇنى بازغــان بىــلەن قــاتتىق بىــر ئۇرىـــدۇ ـــ دە، ئۇنىـــڭ چىرقىرىغـــان ئـــاۋازىنى ئىنســـان بىـــلەن جىنــدىن باشــقا ھەمــمە جــانلىقلار ئاڭلايــدۇ»[1] . ئــاللاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِي ٱلْأٓخِرَةِ﴾ يەنــى ﴿ئــاللاھ ئىمــان ئېيتقــانلارنى ھايــاتىي دۇنيـــادا ۋە ئـــاخىرەتتە مۇســـتەھكەم ئىمـــان بىـــلەن مەھـــكەم تۇرغۇزىدۇ﴾[2] .

ئىمــام بۇخــارى رىــۋايەت قىلغــان بىــر ھەدىســتە پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ «بــۇ ئــايەت قەبرىــدىكى ســوراق ـ ســوئاللار ھەققىدە چۈشكەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيــدۇ: «ســىلەردىن بىــرىڭلار ئۆلگىنىــدە، ئۇنىڭغــا ئەتىــگەن ۋە ئاخشــاملىرى ئۇنىــڭ جەنــنەت يــاكى دوزاخــتىن بولغــان ئــورنى كۆرســىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىــڭ ئورنى ئەھلى جەننەت قاتارىدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، ئــۇ ئەھلــى جەننەتــتىن بولغــان بولىــدۇ. ئەگەر ئۇنىــڭ ئــورنى ئەھلــى دوزاخ

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

قاتارىدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ، ئەھلى دوزاختىن بولغان بولىدۇ. كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىيامەتكىچىلىك سېنىڭ ئورنۇڭ مۇشۇ، دېيىلىدۇ»[1] .

**بەرزەخ ئالىمى**

سوئال: بەرزەخ ئالىمى دېگەن قايسى ئالەم؟

جاۋاب: بەرزەخ ـ بۇ دۇنيا ئالىمىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالىمىگە يېتىپ بارغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر بەرزەخ ئالىمىدە بولىدۇ. بەرزەخ سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ ـ ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق ياكى توسما دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِن وَرَآئِهِمْ بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر بىر توسما بولىدۇ﴾[2] .

ئىنسان تۆت خىل ئالەمنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار:

1. قاراڭغۇلۇق ئالىمى (يەنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئالەم)
2. دۇنيا ئالىمى
3. بەرزەخ ئالىمى
4. ئاخىرەت ئالىمى. ئاخىرەت ئالىمىنىڭ توگەيدىغان چېكى يوقتۇر. ئۇ مەڭگۈلۈك ئالەم.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە موسلىم رىۋايىتى.

(2) مۇئمىنون سۈرىسى 100 ـ ئايەت.

## قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى

سوئال: قەبرىنىڭ ئازابى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنىڭ ئازابى ـ كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكار كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قەبرىلەرگە كۆمۈلمەستىن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگەشكەن بولسۇن، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولمىسۇن، ئاللاھ تائالا ھەر ھالەتتە ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن جەسەتلىرىنى ئازابلاشقا قادىردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ٱلنَّارُ يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا غُدُوّاً وَعَشِيّاً وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدْخِلُوۤاْ آلَ فِرْعَوْنَ أَشَدَّ ٱلْعَذَابِ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە «ئى پىرئەۋن جامائەسى» ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1].

سوئال: قەبرىنىڭ نېمىتى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە راھىتى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَامُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلاَئِكَةُ أَلاَّ تَخَافُواْ وَلاَ تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ**﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دەپ، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان

---

(1) غاپىر سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار» دەيدۇ﴾[1] .

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىدە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگەن مۇئمىن كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاسماندىن ‹بەندەم راست سۆزلىدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن ھازىرلاڭلار، ئۇنىڭغا ئەھلى جەننەتنىڭ كىيىمنى كىيگۈزۈڭلار، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىپ قويۇڭلار› دەپ نىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھىدى ۋە خۇشپۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر كېڭىيىدۇ»[2] .

## قەبرىدىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

بەزى ئازغۇن كىشىلەرنىڭ قەبرىدە مېيىتنىڭ تىرىلىشىنى، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنى ـ بۇنداق بولۇش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، قەبرىدىكى مېيىتنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇ ئەسلىدىكى كۆمۈلگەن ھالىتىدە ياتقان، قەبرىمۇ كېڭىيىش ياكى تارلىشىش جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن دېگەن ئەخمەقلەرچە سۆزلىرى بىلەن ـ ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقىل، ئەقىل ۋە ھېس دەلىللىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

نەقلى دەلىل

قەبرىدىكى تىرىلىش، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بەزى دەلىللەر يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. سەھىھۇلبۇخارىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ بەزى تاملىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋېتىپ ئىككى ئادەمنىڭ قەبرىلىرىدە ئازابلىنىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرى سۈيدۈكتىن پاكلىنالمايدىغان ئادەم، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ يۈرىدىغان سۇخەنچى ئادەم ئىدى»[1] .

## ھېسسىي دەلىل

بەرزەخ ئالىمى بۇ دۇنيا ئالىمىدىن ئايرىم بىر ئالەم. ئىنسان مۇشۇ ئالەمدە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان تۇرسا، ئۇ باشقا بىر ئالەمدە بولىدىغان ئىشلارنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟!

ئاننىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق تۇغۇلغۇچە باشقا بىر ئالەمگە ئائىت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، خۇشاللىقىنى، دەردلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىلەلمەيمىز. چۈنكى ئۇ باشقا بىر ئالەمدە، بىز باشقا بىر ئالەمدە ئەمەسمۇ؟!

گاھىدا ئادەم چۈشىدە، ئۆزىنىڭ كەڭرى بىر جايلاردا نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى تار بىر جايدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ۋە قورقۇنچىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كۆرگەن چۈشىدىن قورقىنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا ئۆزىنى بۇرۇنقىدەكلا ياتقان يېرىدە بەھۇزۇر يېتىۋاتقان كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان كىشىسىمۇ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇنىڭغا نىمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى ھېس قىلمايدۇ. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ جورىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇيقۇنى «وفاه» (ئۆلۈم) دەپ ئاتىغان. ئاللاھ تائالا زۇمەر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **اللَّهُ يَتَوَفَّى الْأَنْفُسَ حِينَ مَوْتِهَا وَالَّتِي لَمْ تَمُتْ فِي مَنَامِهَا فَيُمْسِكُ الَّتِي قَضَى عَلَيْهَا الْمَوْتَ وَيُرْسِلُ الْأُخْرَى إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ** ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى ئۇخلىغان چاغدا (يىرىم) ئېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن(ئۇخلاۋاتقاندا)ئەجىلى توشقانلارنىڭ جېنىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جېنىنى ئەجىلى توشقىچە قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[1] .

ئەقلىي دەلىل

ئۇخلىغان كىشى چۈشىدە رېئاللىقتا مۇۋاپىق ھەق چۈشلەرنىمۇ كۆرىدۇ. ھەتتا بەزى كىشىلەر چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز سۈرىتى بىلەن كۆرىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنى چۈشىدە كۆرگەنلىرىدىن بەكمۇ يىراق بىر جايدا ـ ئۆزىنىڭ ياتاق جايىدا ـ كۆرىدۇ. مۇنداق ئىشلار بۇ دۇنيادا رېئاللىقتا بولۇۋاتقان تۇرسا، ئاخىرەت ئىلمىدە قانداقمۇ بولمىسۇن!؟

ئەمما ئۇلارنىڭ «قەبرىلەرنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن مېيىت ئەسلىدىكىدەك ياتقان، قەبرىمۇ كېڭىيىش ياكى تارلىشىش جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن» دەيدىغان

(1) زۇمەر سۈرىسى 42 ـ ئايەت.

گۇمانلىرىغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ:

1. قۇرئــان ۋە ھەدىســلەردە بايــان قىلىنىــپ كەلــگەن غەيبلەرنى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەنلىك سەۋەبتىن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنكار قىلغۇچىلار ئىنساننىڭ بىلىشى ۋە كۆرۈشى چەكلىك بولغانلىقتىن بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ماددىي نەرسىلەرنىمۇ بىلەلمەي، كۆرەلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى، بۇ ئىشلارغا ئىنكار قىلمىغان بولاتتى.

2. بەرزەخ ئالىمىنىــڭ ئەھــۋالى ھېســسىي ئەزالار بىــلەن بىلگىلى بولمايدىغان غەيبىي ئىشلاردىندۇر. ئەگەر بۇ ئىشلار ھېس بىلەن بىلىنىدىغان بولسا ئىدى، غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان ۋە غەيبكە ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئىنكار قىلغۇچىلار ئوخشاش بولۇپ قالغان بولاتتى.

3. قەبرىنىــڭ ئــازابى، نېمىتــى، ئۇنىــڭ كېڭىيىشــى ۋە تارلىششىنى مېيىتنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. باشقىلار ئۇنى بىلەلمەيدۇ. خــۇددى ئۇخلىغــان كىشــىنىڭ چۈشــىدە تــار بىــر جايــدا ئازابلىنىۋاتقــانلىقى، ھەتتــا قورقۇنچــدىن نــاله ـ پەريــاد قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ قويندا ياتقان جورىسىمۇ بىلمىگىنىدەك، ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى قەتئىي بىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گاھىدا ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلەتتى ئەمما ساھابىلەر ئۇنى ھېس قىلمايتتى.

4. ئىنســانلارنىڭ ئىــدراك قىلىــش قــابىلىيىتى چەكلىــك بولغانلىقتىن، مەۋجۇداتنىڭ ھەممىنى ئىدراك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەتتە قات ئاسمان ۋە زېمىندىكى جانلىق، جانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا ئۇلارنىـڭ ھەمـدۇ سـانالىرىنى خالىغـان بەنـدىلىرىگە ئاڭلىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلار بىـزلەرگە مەلـۇم ئەمەس. ئـاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿تُسَبِّحُ لَـهُ ٱلسَّمَـٰوَٰتُ ٱلسَّـبْعُ وَٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَىْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَـٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْـبِيحَهُمْ﴾ يەنـى ﴿يەتـتە ئاسـمان ـ زېمـىن ۋە ئۇلارنىـڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ. (كائىنـاتتىكى) قانـداقلىكى نەرسـە بولمىسـۇن، ئـاللاھنى مەدھىـيەلەپ تەسـبىھ ئېيتىدۇ. لېكىن سىلەر ئۇلارنىـڭ تەسـبىھلىرىنى سەزمەيسـىلەر﴾[1].

جىن ـ شەيتانلار يەر يۈزىنىـڭ ھەممىـلا يېرىـدە تولـۇپ تاشقان بولسـىمۇ، بىـز ئـۇلارنى كـۆرەلمەيمىز، كـۆرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچـۈن ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىشىمىز تـوغرا بولمىغانـدەك، بەرزەخ ئالەمىـدىكى بىـزگە پىنھـان ئىشـلارنىمۇ ئىنكـار قىلىشـىمىز تـوغرا بولمايـدۇ. ئـۆز ۋاقتىـدا جىـنلاردىن بىـر قـانچە نەپـەرى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ نامـاز بامـداتتا ئوقـۇغـان قىرائىتىنـى ئـاڭلاپ مۇسـۇلمان بولغـان ۋە قەۋملىرىنـى ئىمانغـا چاقىرغـانلىقى قۇرئـان كەرىمدە بايان قىلىنماقتا.

### ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى نەدە؟

سـوئال: ئـۆلگەنلەر قەبرىلىرىـدە سـوراق ـ سـوئال قىلىنىـپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جانلىرى نەدە قارار تاپىدۇ؟

جـاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىـڭ جـانلىرى جەننەتلەرنىـڭ ئەڭ يـۇقىرى تەبىقىلىرىـدە نېمەتلىنىـدۇ. شـېھىتلاردىن بەزىلىرىنىـڭ

(1) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

جانلىرى جەننەتلەردە ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ جانلىرى ـ ئۇلاردا باشقىلارنىڭ قەرزى ياكى ئامانىتى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك ـ جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىلىپ تۇرىدۇ. تەقۋا ياخشى زاتلارنىڭ جانلىرى جەننەتلەردە خۇشپۇراقلار ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ جانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارلارنىڭ جانلىرى زېمىندىن كۆتۈرۈلمىگەن ھالىتى بىلەن قالىدۇ. كۇففارلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ جانلىرى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىن قېتىدىكى ھىدى ئىنتايىن سېسىق بولغان قان ۋە يىرىڭ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ.

# قىيامەتنىڭ باشلىنىشى

سوئال: قىيامەت قانداق باشلىنىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت، كائىناتتا ئومۇميۈزلۈك چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ كۈنىدە ئاسماننىڭ يېرىلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئورۇلۇش نەتىجىسىدە يوقىلىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشى، تاغلارنىڭ كۈكۈن تالقان بولۇپ، بىر دۆۋە قۇمغا ئايلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ باشلىنىش ھەققىدە مۇنداق دېيدۇ: ﴿**يَوْمَ تُبَدَّلُ ٱلْأَرْضُ غَيْرَ ٱلْأَرْضِ وَٱلسَّمَـٰوَٰتُ وَبَرَزُواْ لِلَّهِ ٱلْوَٰحِدِ ٱلْقَهَّارِ**﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار چەكسىز قۇدرەتلىك، يېگانە ئاللاھنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىدۇ﴾[1] .

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِذَا ٱلشَّمْسُ كُوِّرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْجِبَالُ سُيِّرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْعِشَارُ عُطِّلَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْوُحُوشُ حُشِرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْبِحَارُ سُجِّرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْمَوْءُۥدَةُ سُئِلَتْ ۞ بِأَىِّ ذَنۢبٍ قُتِلَتْ ۞ وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْجَحِيمُ سُعِّرَتْ ۞ وَإِذَا ٱلْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ ۞ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّآ أَحْضَرَتْ**﴾ يەنى ﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

تـۆگىلەر تاشـلىنىۋېتىلگەن چاغـدا، يـاۋايى هـايۋانلار توپلانغـان چاغـدا، دېڭىـزلار ئـوت بولـۇپ لاۋۇلـدىغان چاغـدا، جـانلار (ئـۆز قاياشـلىرىغا) قوشـۇلغان چاغـدا، تىرىـك كۆمـۈۋېتىلگەن قىـزدىن سەن قايسى گۇنـاھ بىـلەن ئۆلتۈرۈلـدۈڭ؟ دەپ سـورالغان چاغـدا، نـامە ـ ئەمـال دەپتەرلـىرى ئېچىلغـان چاغـدا، ئاسـمان ئېچىـپ تاشـلانغان چاغـدا، دوزاخ قىزىتىلغـان چاغـدا، جەنـنەت تەقۋالارغـا يېقىنلاشـتۇرۇلغان چاغــدا، هەر ئــادەم ئۆزىنىــڭ قىلغــان ـ ئەتكەنلىرىنى بىلىدۇ﴾[1] .

## قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار

سوئال: بەئس دېگەن نېمە؟

جـاۋاب: بەئـس ـ قىيـامەت قـايىم بولغـان كـۈنى ئىسـراپىل ئەلەيهىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سـۇرغا پۈۋلىگىنـدىن كېيىن (بىرىنچـى قېتىملىـق پۈۋلىشـى بىـلەن پۈتـۈن خـالايىق ئۆلـىدۇ) پۈتـۈن ئىنسـانلارنىڭ تىرىلىشـى دېمەكتـۇر. كاپىرلارنىـڭ ئـۇ كۈنـدىكى هەيرانلىقىنـى هېكـايە قىلىـپ ئـاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿قَالُواْ يَٰوَيْلَنَا مَن بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا هَذَا﴾ يەنـى ﴿(ئـۇ كۈنـدە) ئــۇلار «ۋاي ئىســت ! بىزنــى ئۇخلاۋاتقــان يېرىمىــزدىن كىــم ئويغاتتى» دەيدۇ﴾[2] .

سـوئال: قىيـامەت كۈنـدىكى تىـرىلىش قانـداق شـەكىلدە بولىدۇ؟

جـاۋاب: قىيـامەت كۈنـدىكى تىـرىلىش جـان ۋە بەدەن بىـلەن

---

(1) تەكۋىر سۈرىسى 1ـ 14ـ ئايەتلەر.

(2) ياسىن سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالاغا ھەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. ئىنساننى دەسلەپتە يوق يەردىن بار قىلغان ئاللاھ تائالا مەيلى ئۇنىڭ جەستى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تىتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

### ئىنساننىڭ تەركىبى

ئىنسان ئۈچ ئاساسلىق ماددىدىن تەركىب بولغان بولۇپ، ئۇلار:

1. ئادەم ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇرۇق(ئەرەب تىلىدا، «ئەجەبۇززەنەب» دەپ ئاتىلىدۇ).

2. ئىنسان جىسمىنى ئۆستۈرگەن تۇپراق ئەسلىلىك ئوزۇقلۇقلار.

3. ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان جان.

يۇقىرىقى ئۈچ ماددىنىڭ تەركىبلىنىشى بىلەن «ئىنسان»دەپ ئاتىلىدىغان ئاگلىق مەخلۇقات بۇ قىسقىغىنا ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان ھامان، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ بەرزەخ ئالىمگە يۆتكىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا بىرىنچى قېتىملىق كىچىك ھېسابىنى بېرىدۇ. ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان كۈنى قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ دەسلەپتە تەركىبلەنگەن ئۈچ ماددا ئەسلىگە قايتىدۇ، يەنى تۇپراق تۇپراققا، جان ئاللاھ تائالا

خالىغـان جايغـا قايتىــدۇ. پەقەت ئىنسـانىنىڭ بىرىنچـى تەركىبـى بولغـان ئــۇرۇق تۇپراقتــا چىرىماســتىن، ئۇتتــا كــۆيگەن يــاكى يىرتقۇچلارنىڭ ئاشقازانلىرىدا ئېزىلگەن بولسـىمۇ يوقالماسـتىن تـا قىيـامەتكىچە سـاقلىنىپ قالـىدۇ. بـۇ ئـاللاھ تائـالا ئۈچـۈن قىـيىن ئىــش ئەمەس. ئــاللاھ تائــالا ئۇنىڭســىزمۇ، ئىنسـانلارنى خالىغــان ئۇســۇل بىــلەن تىرىلــدۈرۈپ ئەســلىگە كەلتۈرۈشــكە ئەلــۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى ئـۇ جانلىقلارنىـڭ دەسلەپكى ئـۇرۇقنى يـوقتىن بار قىلغان زات ئەمەسمۇ؟!

سـوئال: ئىنسـان قىيـامەت كۈنــدە قايسـى تەرىقــدە ئەسـلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت قـايىم بولغـان كـۈنى قـاتتىق يـامغۇر ياغىـدۇ. شــۇ ۋاقىتتــا، خــۇددى زىــرائەتلەر يەرگە تىكىلــگەن ئــۇرۇقتىن ئۈنــۈپ چىققانـــدەك، ئىنســـانىنىڭ تەركىبلىنىشـــىدىكى ئـــۈچ ئاساسـلىق ماددىنىــڭ بىرىنچىســى بولغــان ئــۇرۇقتىن ئىنســان ئۈنــۈپ چىقىــدۇ. بــۇ ھەقــتە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام مۇنــداق دېگەن: «.... ئاندىن ئاسماندىن قاتتىق يـامغۇر چۈشۈشـى بىـلەن جىمـى خـالايىق، خـۇددى يەردىـن زىـرائەت ئۈنـۈپ چىققانـدەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىنسانىنىڭ بىرلا ئـۇرۇقتىن باشـقا پۈتـۈن بەدىنـى چىرىپ كەتكەن بولـۇپ، بـۇ ئـۇرۇق ئىنسـان دەسـلەپتە ئۇنىڭـدىن تەركىـب بولغـان بىرىنچى ماددىـدۇر. قىيـامەت كۈنـدە ئىنسـانلار شۇ ئۇرۇقتىن قايتا تەركىبلىنىدۇ»[1] .

قىيـــامەت كۈنـــدىكى بـــۇ ئەھـــۋال بـــۇ دۇنيـــادىكى دەل ـ دەرەخــلەر، زىــرائەتلەر ۋە ئۆســۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالىغــا ئوخشــاپ

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كېتىدۇ. بۇلارمۇ يەرگە تىكىلگەن ئۇرۇقچىلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَرَ ٱلإِنسَـٰنُ أَنَّا خَلَقْنَـٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ * وَضَرَبَ لَنَا مَثَلاً وَنَسِىَ خَلْقَهُ قَالَ مَن يُحىِ ٱلْعِظَـٰمَ وَهِىَ رَمِيمٌ * قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِىٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالدا، بىزگە قارشى مىسال كۆرسەتمەكچى بولىدۇ ۋە «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ هەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[1] .

سوئال: هەشر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: هەشر ـ قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ هېساب مەيدانىغا توپلىنىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا هەشر هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ نَحْشُرُ ٱلْمُتَّقِينَ إِلَى ٱلرَّحْمَـٰنِ وَفْداً * وَنَسُوقُ ٱلْمُجْرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرْداً. لَا يَمْلِكُونَ الشَّفَاعَةَ إِلَّا مَنِ اتَّخَذَ عِنْدَ الرَّحْمَنِ عَهْدًا ﴾ يەنى ﴿بىز تەقۋادارلارنى رەهمانىنىڭ دەرگاهىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىغقان، گۇناهكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان هالدا جەهەننەمگە هەيدىگەن كۈندە، رەهمان تائالانىڭ يېنىدا

(1) ياسىن سۈرىسى 77 ـ 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر.

ئەھدە ئالغانلاردىن باشقا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ﴾[1] .

سوئال: شاپائەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شاپائەت ـ ھىمايىسىگە ئېلىش، ياردەم قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت ئىنسانلارنى بۇ دەھشەتلىك كۈننىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتقۇزۇش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. شاپائەتنىڭ بولىدىغانلىقى ھەقتۇر. شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بىر ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، شاپائەت قىلىش ھەققىنى ئۆزى رازى بولغان بەندىلىرىگە بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا﴾ يەنى﴿ ئېيتقىنكى، شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾ [2].﴿ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ﴾يەنى﴿ ئاللاھنىڭ رۇخستىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟﴾[3] ﴿ مَا مِنْ شَفِيعٍ إِلَّا مِنْ بَعْدِ إِذْنِهِ﴾يەنى﴿ھەر قانداق بىر شاپائەتچى پەقەت ئاللاھ رۇخسەت قىلغاندىلا ئاندىن شاپائەت قىلالايدۇ﴾ [4]

شاپائەتنى كىملەر قىلالايدۇ؟

جاۋاب: شاپائەتنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن، يېقىن بەندىلىرىلا قىلالايدۇ. بۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاندىن پەيغەمبەرلەر، ئاندىن

---

(1) مەريەم سۈرىسى 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر.

(1) زۇمەر سۈرىسى44ـئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى255ـئايەت.

(3) يۇنۇس سۈرىسى3ـئايەت.

ياخشى زاتلار كىرىدۇ. ﴿لَا يَمْلِكُونَ الشَّفَاعَةَ إِلَّا مَنِ اتَّخَذَ عِنْدَ الرَّحْمَنِ عَهْدًا﴾يەنى﴿ رەھمان تائالانىڭ يېنىدا ئەھدە ئالغانلاردىن باشقىلارنىڭ شاپائەت قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ﴾[1]

سوئال: شاپائەت كىملەرگە قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: شاپائەت ئاللاھ تائالا رازى بولغان كىشىلەرگە قىلىنىدۇ. ﴿وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُمْ مِنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾يەنى﴿ ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلاردىن باشقا ھېچكىمگە شاپائەت قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[2]

سوئال: شاپائەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: شاپائەت تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرلۈك بولىدۇ:

1.شاپائەتنىڭ ئەڭ چوڭى قىيامەت كۈنىدە ھېساب مەيدانىدىكى شاپائەت بولۇپ، ئۇ «الشفاعة العظمى» يەنى(ئەڭ چوڭ شاپائەت)دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شاپائەت پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ شاپائەت توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا﴾يەنى﴿رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا

(4) مەريەم سۈرىسى87-ئايەت.

(1) ئەنبىيا سۈرىسى28-ئايەت.

(شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇقەررەردۇر﴾ [1] بۇ كۈندىكى شاپائەت قىسقىچە مۇنداق بولىدۇ: ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدا ئۆزلىرى ھەققىدە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمنى كۈتۈپ قاتتىق قىينىلىدۇ، ئىچى سىقىلىدۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ پەرىشانلىقمۇ ئېشىپ بارىدۇ. قۇياش ئۇلار تولىمۇ يېقىن كەلگەنلىكتىن، ھارارەتتىن قىينىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ تېزرەك بېرىلىشىنى ۋە بۇ كۈتۈشكە خاتىمە بېرىلىشىنى تىلەپ، بۇ خۇسۇستا ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىدىغان بىرىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئاۋۋال ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن شاپائەت سورايدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئەمما ھەممىسى ئۆزرە ئېيتىپ تۇرىدۇ، شاپائەت قىلالمايدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرشنىڭ ئاستىغا بېرىپ بېشىنى سەجدىگە قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالادىن بىر نىدا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد بېشىڭنىڭ كۆتۈرگىن، سورىغىن، نېمە سورىساڭ بېرىمەن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئى رەببىم! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم» دەيدۇ. [2]

2.جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان

---

(2) ئىسرا سۈرىسى79-ئايەت.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستىنى«سەھىھۇلبۇخارى» ۋە سەھىھ مۇسلىم»دىن كۆرسىڭىز بولىدۇ.

شــاپائەت بولــۇپ، بــۇ شــاپائەتنىمۇ مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالام قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، جەنــنەت ئەھلــى بولغــانلار جەنـــنەتكە كىرىشــكە باشــلايدۇ. جەنـــنەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۈممەتلەردىنمۇ بىرىنچى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار ئىسلام ئۈممىتىدۇر.[1]

3.دوزاخقا تاشلىنىشى ھۆكۈم قىلىنغان بىر قىسىم گۇناھكار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر.

4.دوزاخقا تاشلانغان گۇناھكار مۇسۇلمانلاردىن بەزىسىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر.

5.جەننەت ئەھلىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇكسەلتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. كېيىنكى ئۈچ تۈرلۈك(يەنى 3ـ4ـ5ـ) شاپائەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ، پەرىشتىلەرمۇ ۋە ياخشى زاتلارمۇ قىلالايدۇ.

6.بەزى كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەت بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا قىلىدىغان خۇسۇسىي شاپائىتىدۇر. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر «سەھىھ مۇسلىم» ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.[2]

سوئال: مىزان دېگەن نېمە؟

---

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستىنى«سەھىھ مۇسلىم» ناملىق ھەدىس توپلىمىدىن ئوقۇسىڭىز بولىدۇ.

(1) ئەللامە ھافىز ئىبنى ئەھمەد ئەلھەكەمىينىڭ«ئىسلام ئەقىدىسى توغرۇلۇق سوئال-جاۋابلار»ناملىق ئەسىرىدىن.

جاۋاب: مىزان ـ قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى تارتىدىغان تارازا دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَىٰ بِنَا حَـٰسِبِينَ**﴾يەنى ﴿ بىز قىيامەت كۈنى ئۇچۇن ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز ﴾[1]

سوئال: ھېساب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھېساب ـ بەندىلەرنى، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەماللىرى يېزىلغان كىتابنى ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىپ ئۆزلىرىگە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم ئوقۇشنى بىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَأَمَّا مَنْ أُوتِىَ كِتَـٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ * فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا * وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ مَسْرُورًا * وَأَمَّا مَنْ أُوتِىَ كِتَـٰبَهُۥ وَرَآءَ ظَهْرِهِۦ * فَسَوْفَ يَدْعُوا۟ ثُبُورًا * وَيَصْلَىٰ سَعِيرًا**﴾ يەنى ﴿نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال قايتىدۇ. نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم «ۋاي

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

ئىست!»دەپ تووۋلايدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ﴾[1] .

سوئال: جازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جازا ـ بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئېلان قىلىنىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْحَقُّ ٱلْمُبِينُ**﴾ يەنى ﴿ شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئوپئوچۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ﴾[2] .

سوئال: سىرات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىرات ـ دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، جىمى ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدىن قايتىپ شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتكە ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەھەننەم (يەنى دوزاخ) گە مەنسۇپ بولغانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن مِّنكُمْ إِلاَّ وَارِدُهَا كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْماً مَّقْضِيّاً**﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دوزاخ (ئۈستىدىكى سىرات) قا بارمايدىغان ھېچكىم قالمايدۇ. بۇ رەببىڭنىڭ بەلگىلەپ بولغان ھۆكۈمىدۇر ﴾[3] .

---

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى 7 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

(2) نۇر سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

(3) مەريەم سۈرىسى 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

# جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى

سوئال: دوزاخ قانداق جاي؟

جاۋاب: دوزاخ ـ دەھشەتلىك ئوت قاينىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارلارنىڭ بىر قىسمى بارىدىغان جايدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَٰٓئِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ﴾ يەنى﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1] .

سوئال: جەننەت قانداق جاي؟

جاۋاب: جەننەت ـ بۈك ـ باراقسان بوستانلىق، گۈزەل باغچە بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان، تەقۋادار زاتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى مَقَامٍ أَمِينٍ ۞ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ۞ يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ۞ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجْنَٰهُم بِحُورٍ عِينٍ ۞ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ ۞ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلْمَوْتَ إِلَّا ٱلْمَوْتَةَ ٱلْأُولَىٰ وَوَقَىٰهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ۞ فَضْلًا مِّن رَّبِّكَ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾ يەنى ﴿ تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ . ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك

---

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

كىيىملەرنى كىيىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەنە شۇنداق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار ئۇ يەردە خاتىرجەملىك ئىچىدە، (كۆڭلى تارتقان) ھەممە مېۋىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى تېتىغان ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. (ئاللاھ) ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (بۇلار) رەببىڭدىن بىر مەرھەمەت بولۇپ (بېرىلىدۇ). بۇ زور ئۇتۇقتۇر ﴾[1] .

سوئال: جەننەت بىلەن دوزاخ مەڭگۈلۈكمۇ؟

جاۋاب: جەننەت بىلەن دوزاخ ھەر ئىككىلىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ، بولارنىڭ ئاخىرلىشىدىغان چېكى يوقتۇر. جەننەت بىلەن دوزاختا ئۆلۈم يوقتۇر. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. دوزاخقا كىرگەن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارمۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارلار دوزاختا گۇناھلىرىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَٱلْمُشْرِكِينَ فِى نَارِ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أُوْلَٰٓئِكَ هُمْ شَرُّ ٱلْبَرِيَّةِ ۞ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ ۞ جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَداً رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَٰلِكَ**

(1) دۇخان سۈرىسى 51 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

﴿لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُ﴾ يەنى ﴿ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇنىڭغا رەببىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ﴾[1] .

جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ * خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ * وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُواْ فَفِي ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ عَطَآءً غَيْرَ مَجْذُوذٍ﴾يەنى ﴿بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا نالە ـ پەرياد قىلىپ، پىغان چېكىدۇ. ئاسمان ـ زېمىن يوقالمايلا تۇرىدىكەن، ئۇلار دوزاختا رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ . ئۇنۇتمىغىنكى، رەببىڭ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاسمان ـ زېمىن يوقالمايلا تۇرىدىكەن، ئۇلار جەننەتتە رەببىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ

(1) بەيyىنە سۈرىسى 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

(بۇ) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بىر ئىنئامدۇر﴾[1] .

جانابى ئاللاھ بۇ كىتابتىكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئەمەل قىلغۇچىلارنى ئىسىل جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن قىلسۇن ئامىن...

**اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قُلوُبَنَا عَلَى دِيْنِكَ**

ئى دىللارنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ! قەلبىمىزنى سېنىڭ دىنىڭغا مۇستەھكەم قىلغىن»[2].

**اَللَّهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الأُمُورِ كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الآخِرَةِ.**

ئى ئاللاھ! بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن»[3].

**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.**

ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[4].

---

(1) ھۇد سۈرىسى 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايىتى.
(3) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 201ـ ئايەت.

# پايدىلانغان مەنبەلەر


| كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|
| العقائد الإسلامية | الشيخ سيد سابق |
| كتاب التوحيد | الشيخ صالح بن فوزان الفوزان |
| العقيدة الصحيحة | الشيخ عبدالله بن عبدالعزيز باز |
| توحيد الخالق(1ـ2ـ3) | الشيخ عبد المجيد الزنداني |
| كتاب الإيمان | الشيخ عبد المجيد الزنداني |
| رسائل التوجيهات الإسلامية | محمد جميل زينو |
| مائة سؤال عن الإسلام | العلامة محمد الغزالي |
| هذا دبننا | العلامة محمد الغزالي |
| عقيدة المؤمن | العلامة محمد الغزالي |
| مجموع الفتاوى | شيخ الإسلام ابن تيمية |
| عقائد ضرورية | عبدالقادر عبدالوارث الكاشغري |
| العبادة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوى |
| ليس من الإسلام | العلامة محمد الغزالي |
| العلم والإيمان | الأستاذ رحمةالله عناية الله تركستاني |
| كيف نفهم الإسلام | العلامة محمد الغزالي |
| مناهج الشريعة الإسلامية | الشيخ أحمد محي الدين العجوز |
| الأدلة المادية على وجود الله | الشيخ محمد متولي الشعراوي |
| منهاج المسلم | الشيخ أبو بكر جابر الجزائري |
| عبادات إسلامية | أحمد هادي مقصودي |